# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

Xinjiang Civilization



3

1986

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



باغ ئاستىدا (ئابدۇللا ئابدۇرەھىم فوتوسى)

شىنجاڭ مەدەنىيىتى
قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
35- يىل نەشرى
1986- يىل 3- سان

## بۇ سانىدا

### ئەدەبىيات گۈلزارى

چايخورلار ........ (ھېكايە) ........ زوردۇن سابىر 2
شېئىرلار ........ مەجىت ئابدۇراخمان، 66
تۇرسۇن ئابدۇقادىر، ئايشەم نىياز، ماخمۇد مۇھەممەد، مۇختار خەلىل،
يۈسۈپ كېرىم، مۇھەممەد ئەخمەدى، ئۆمەرجان غوپۇر، ئابدۇقادىر جالالىدىن.

### سەھنە ماتېرىياللىرى

سۇلىيان ........ (دراماتىك پارچە) ........ جىبران خەلىل جىبران 42
ناخشا تېكىستلىرى ........ روزى سايىت، تۇرسۇن نىياز، ئۆمەر ئىمىن، 51
ئابدۇكېرىم مەخسۇت، ياسىن ئىمىن، غاپپار ئەخمەد،
ئۆمەرجان روزى، ئاۋۇت ساۋۇت، مەجىت تاش، مۇھەممەت ئىمىن ئەخمەد

### مىللىي بايراملار

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى نوروز بايرىمى ........ جۈنەيد بەكرى 28

### ئۆرپ - ئادەتلەر

قاراقۇرۇم ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھازىرقى زامان ئۆرپ - ئادەتلىرى ........ نىزامىدىن ھۈسەيىن 54

### دۇنياغا نەزەر

مۇسۇلمان دۇنياسىغا سەپەر ........ ئەبەيدۇللا ئىبراھىم 14

### تۇتېملار

بۆرە ھەققىدە رىۋايەت ........ 74

### كىشىلىك دۇنياسىدا

داغ چۈشكەن گۆھەر ........ 70

### مىللەتلەر سەنئىتىدىن تەرمىلەر

لىزۇ مىللىتىنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە قەدىمقى مۇزىكىسى — بۇرۇن نەيسى ........ 73

### خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

مۇھەببەت بېيىتلىرى ........ توپلىغۇچى ئىسلام سادىق، تۇرسۇن زېرىدىن 79

### بىلىمۇ بىلىك

ھەرقايسى ئەللەرنىڭ يامان كۆرىدىغان رەڭلىرى ........ 75

### خەتتاتلار كۆرىكى

ھۆسنخەتلەر ........ ئابلىكىم ئەمەت ئىشلىگەن 80

### چەتئەل ئەدەبىياتىدىن

ئېلان تەشۋىقاتى دەۋرى ........ (ھېكايە) ........ شىڭ شىنيى 76

مۇقاۋىنىڭ 1- 4- بېتىدە: چوڭ تېپتىكى ناخشا - ئۇسسۇل «تەڭرىتاغ شادلىقى» دىن
كۆرۈنۈشلەر ........ ئابدۇللا ئابدۇرېھىم فوتوسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# چايخورلار

(ھېكايە)

زوردۇن سابىر

چايخورلۇق غەلىتە ئىش، توقسۇزى تەل ئادەملەرمۇ، زاغرا بىلەن ناشتا قىلىدىغانلارمۇ ئەتىگەنلىك چاينى چايخانىدا ئىچىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرلىرى نانلىرىنى بەللىرىگە تۈگۈپ پىيادە، بىرلىرى ئات ـ ئېشەك بىلەن ئېرىنمەي بۇ چايخانىغا كېلىشىدۇ ـ دە، قىزغىن كۆرۈشىدۇ.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بۇتياخان!

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم زىمىن بەگ!

ئۇلار بىر ـ بىرىگە «ۋەئەلەيكۇم» سۆزىنى زادى قوللانمايدۇ. چۈنكى بۇ ھۆرمەتسىزلىك ئۇلار ئۈچۈن گوياكى گۇناھ، ئۇلار چاي دەملىنىدىغان چەينەكلىرىنى پەتنۇسلىرى بىلەن بىر ـ بىرسىگە ئىتتىرىشىپ:

— قېنى كەلسىلە!

— چايغا باقسىلا! — دېيىشىدۇ. لېكىن يەنىلا ھەركىم ئۆز چېيىنى ئىچىشىدۇ. ئۇلار قىشۇ ـ ياز، ھەيلى تومۇز، ياكى جۇدۇن بولسىمۇ، ھەر كۈنى دېگۈدەك بىر نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئۆيلىرىدىن مۇشۇ چايخانىغا كېلىشىدۇ ـ دە، سالاملىشىش، تەكەللۇپ ـ تۇزۇت قىلىشلاردىن كېيىن، يەرگە چاپلىشىپ كەتكەن يىپ ئەدياللار ئۈستىدە بەدەشقان قۇرۇشۇپ، ھوزۇرلىنىپ چاي ئىچكەچ ئۆزلىرىگە ئوخشاش چايخورلار بىلەن دىلكەشلىك قىلىشىدۇ.



بۇ دىلكەشلىكنىڭ ئەڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىسى ھېلىقى بۇتيا ئىسىملىك بىلەن زىمىن ئىسىملىك ئىككىسى. بۇتيا ئۆز جىسمانىي قۇرۇلۇشىدەك قوپال، خۇددى قول تىراكتورىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ئاڭلىغان يېڭىلىقلىرىنىڭ بىرىنى ئون قىلىپ سۆزلىگىلى تۇرغاندا، ئاڭلىغۇچىلار بىرىنچىدىن، ئۇنىڭدىن ئەيمىنىپ، ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭدىن ئاۋازدا ئۈستۈنلۈك تالىشىشتىن ھېيىقىپ، ئۇنىڭ تولا ئاڭلىغان گەپلىرىنى زېرىكمەي قايتا ئاڭلاشقا

مەجبۇر بولىدۇ. ئادەملەر بىرلەپ – ئىككىلەپ چىقىپ كېتىشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن گەپنىڭ ئاخىرىنى كۈتۈپ زېرىككەندەي زېمىن قوپۇپ كەپ تىڭشايدىغان ئادەم ئۇنىڭ دوستى – زېمىن ئەمەلنىڭ ئورۇق، ۋىجىك ئادەم بولۇپ قالىدۇ. بۇتىيانىڭ سۆزلىگەن يېڭىلىقلىرىنى ئالدىنقى كۈنىلا مۇشۇ زېمىن كۆپچىلىككە دەپ بەرگەن، بۇتىيامۇ، شۇ چاغدا ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئىككىنچى كۈنى بۇتىيا بۇ گەپنى ئۆزىنىڭ گېپى قىلىپ سۆزلەۋېرىدۇ. زېمىن بۇتىيانىڭ مەجنۇن تالدەك شاخ – شۇمبىسى جىق سۆزلىرى ئىچىدىن ئۆزىگە زۆرۈر بولغان يېڭىلىقلارنىمۇ ئاڭلاپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇمۇ بۇتىيانىڭ گەپلىرىنىڭ شېخىنى يەرمايدۇ.

مانا، بۇتىيانىڭ موتىسىكلىتىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، تىختىدى. ئۇنىڭ گەۋدىسى چايخانا ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولدى: تىزىغا كېلىدىغان ساغۇچ كۆينىكى سۇغا چىلاپ ئالغاندەك ھۆل، تىزغىچە تۈرۈكلۈك پۇشقاقلىرىدىن چىقىپ تۇرغان بۇقىنىڭ ئالدى پۇتىدەك تۇم، مەزمۇت پاقالچەكلىرى توپا-تەرىدىن خۇددى چالا ئۆكلەنگەندەك بولۇپ قالغان، ئوچۇق مەيدىسىدىكى قويۇق يۇڭ، تۆت چاسا يۈزىدىكى ساقال – بۇرۇتىدەك بۇرغاي، قىيغاچ كۆزلىرى ئۈستىدىكى چۆتكىدەك قاشلىرىنىڭ مىدىرلىشى ئۇنىڭ يوغان گەۋدىسىدە بىر خۇشاللىقنىڭ بۆرگىدەك سەكرەپ يۈرگەنلىكىدىن بېشارەت. ئۇ سالاممۇ قىلماي ھەجايدى:

– ۋايجان، نېمانچە دىمىق، ماتورۇممۇ جۇۋازغا قاتقاندەك تەرلەپ كەتتى!

چايخورلار كۈلۈشتى.

– بەللى بۇتىياخان، سىلى ماڭغىلى تۇرسىلا يولمۇ تەرلەپ كېتىمدۇ، – يا!

– ھى، ھى، مېنى كۆرۈپ سەنمە تەرلەپسەن ئاينا!

– بەك خۇشقۇ ئۆزلىرى؟

– تۈنۈگۈن ئون ئالتىنچى يېزىنىڭ بازىرىدا قوي كاساتلاشتى. مانا ئەمەسە دەپ بار پۇلۇمغا سېتىلماي قالغان قوينىڭ ھەممىسىنى سېتىۋالدىم. بۈگۈن ئەتىگەندىدە ئالتىسىنى سو قىلدىم. ئون قوينىڭ پۇلى بىلەن دىرى تېرىلگىدەك. يەتتە قوي بىكارغا قالدى ھا، ھا،ھا...

چايخورلار بىر – بىرىگە قاراشتى.

بۇتىياخان ئەمدى خوتەندىن 500 كويغا سېتىۋېلىپ ئەپكەلگەن ئالا ئىتىنىڭ تۈنۈگۈن ياقۇپ قاساپنىڭ سېرىق ئىتىنى قانداق تالىغانلىقىنى دوراشقا باشلىدى. ئۇ پۈتۈن مېھرىنى ئۆز ئىتىغا بېغىشلىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ چايخانا سۇپىسىدا تۆت پۈتلۈق بولۇۋېلىپ قوللىرىنى، ئېغىزىنى خۇددى غالجىرلاشقان ئىتتەك ھەرىكەت قىلدۇرۇپ سۆزلىگىنىچە تۇرۇۋىدى، چايخورلار ئۈچەيلىرى ئۈزۈلگىدەك كۈلۈشتى.

– بىر پىيالە خام قايماق، ئىككى تۇخۇم بىلەن بىر چىنە قايماق چاي قىلىپ بەرگىنە! – دېدى ئۇ ئاخىر ھېرىپ – تەرلەپ خۇددى ساپاندىن بوشىغان ئۆيدەك پۇشۇلداپ، – تېز بول، بۈگۈن قىلىدىغان ئىش كۆپ.

– يىراقتا ماڭاملا بۇتىياخان؟ – زېمىن ئەمەلنىڭ ۋىجىك، قىزىل ساقال، مۇلايىم ئادەم ئۇنىڭغا قارىدى.

– بۈگۈن سېرىق بۇيىغا بارىمەن، – دېدى بۇتىيا خۇددى سولاقمىز قالغان بۇقىدەك ھۆكۈرەپ، – بارامىلا؟ بارسىلا ماتورىمنىڭ كەينى بوش.

– سودىلىقىم بارتى پەشكى.

– كىمتابىمۇ؟ – دېدى بۇتىياخان دەرھاللا. – بۈگۈن سېرىق بۇيا قىزىيدۇ. ئۇ چېتى خوتەن، بۇ چېتى قەشقەر، ئاتۇش، ئاقسۇ، ھەممە يەرنىڭ ئوقەتچىلىرى كېلىشىدۇ. ھەممە ئوقەتچى كەلگەندىكىن، ھەر قانداق مالمۇ كېلىدۇ. سىلى ھەقە-

چان كىتاب بۇيرۇيلا، بولىدۇ، يېڭى كىتابلار بولسا ئېلىۋېرەمدىمەن؟ ئەككى يۈز كويىنىڭ كىلىشىگە دەملا؟ بەلەن گەپ. لېكىنزە زەمىنباي، يېڭى كىتابلار ھۆكۈمەت دۇكىنىغا چىقماي تۇرۇپلا كىتابپۇرۇشلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدىكەن. ئۆتكەندە سىلىگە ئون كويىدىن ئەپكېلىپ بەرگەن ھېلىقى رومانلار ھازىر ئون بەش كويغا چىقىپتۇ جۇمۇسىلا، شۇغىنىسى كىتابپۇرۇشلار ئىسچوت بەرمەيدىكەن. بولاپتۇ سىلى ئۇچۇن بىزەچى زىيان تارتسامۇ مەيلى. سىلىمۇ كىتابخانا ئېچىپ پۇل تاپمىدىلا، زىيان تارتتىلا، يە بولمىسا، بىلەت ساتسىلا بولارمىكىن؟ كىتابلىرىنى بىكارغا ئوقۇيدىكەن، ئۇنى ئاز دەپ يىرتىدىكەن، ئوغرىلايدىكەن. لېكىنزە، زەمىنباي «سوپەك» ① تاپقان پايدىلىرىنى ئاشۇ كىتابخانىلىرى يەپ كەتتى - جۇما؟ سىلىگە بەك زىيان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.

—زەمىنبايغا زىيان بولغىنى بىلەن ياشلارغا پايدا. بىزنىڭ بالا ھازىر يامان يولدىن ياندى. زەمىنباينىڭ كىتابخانىسىدىن چىقمايدۇ. ھەددىسىلام ئانىسىنى تىللايتتى. مانا ھازىر تىلىمۇ يۇمشاپ، ئاۋازىمۇ سىلىقلىشىپ قالدى.

— سەن خوتەك، —دېدى بۇتىيا سۆزلىگۇچىنىڭ قولىنى شىلتىپ، قوۋزىغا تولدۇرۇۋالغان قايماق ئارىلاش ناننى ئەستە چايناپ سۆزلىدى، — تەييارغا ھەييار - دە. ئەكە ئەللىك كوي، بالاڭغا كىتاب ئەپكېلىپ بېرەي. بولمىسا زەمىنبايغا پۇل تۆلە!

— زەمىنكام پۇل دېسە بېرەمىز، — دېدى بايىقى ئادەم كۈلۈپ، ئۇ دېمەق ئۆيدىمۇ تەلپەك بىلەن ئولتۇرغاچقا، پوكاندەك قىزارغان، يىڭىچىكە، كىچىك بۇرنىدىن تەپچىپ چۈشكەن تەر يىڭىچىكە بۇرۇتىنىڭ ئۇچىدا پىلدىرلايتتى، — لېكىنزە بۇتىيا ئاكا، سەن پۇل، پۇللا دەيدىكەنسەن، مەسچىتكە يۈز كېسەك ئېلىپ بېرەيمۇ دېمەيسەن.

— ماۋۇ خوتەكنىڭ گېپىنى، ۋاي خوتەك، سەن قانچىلىك نېمىتتىڭ. خوتۇنۇڭ خەقنىڭ ئۆيىدە ئۇسما قويىدۇ. ھەر ھەپتىدە مېنىڭ جاينەمزىمدا ناماز ئوقۇيسەن، بازارغا بارساڭ ئۆجەڭنى مېنىڭ ھارۋامغا سېلىۋالىسەن، مېنىڭ كۆلۈمدىن سۇ توشۇپ لاي چىلاپ كېسەك قۇيدۇڭ، پۇل تۆلىدىڭمۇ خوتەك؟ نوپۇسىڭنى ماڭا ئۆتكۈزمىگىنىڭ قالدى شۇ. يوغان گېپىڭنى تىخى بۇنىڭ. مە، ماۋۇ يېرىم ناننى يە خوتەك، قاچانغىچە زاغرا كۇشەيتتىڭكى؟!

بۇتىيا ئۇنىڭغا يېرىم ناننى تاشلىدى. ساقىلىغا چاپلاشقان قايماق، نان ئۇۋاقلىرىنى يوغان قوللىرىغا يېپىشتۇرۇپ يۈزىنى سىپىدى، ئاندىن كېيىن قوللىرىنى پاكىزە يالىۋەتتى - دە، زەمىنبايغا قاراپ بىر كېكىردۈۋەتتى.

— كىتابلارنىڭ ئىسمىنى يازدىلىما؟ — دېدى ئۇ ئۇزۇن تىزىملىك يېزىلغان قەغەزگە قىيغاچ كۆزلىرى بىلەن سىنچىلاپ قاراپ، — ماۋۇ نېمە بۇ، «ۋتادغۇ بىلىك» ... نېمە دېگىنى بۇ؟

— كىتاب، — دېدى زەمىنباي كۈلۈپ، — 50-60 كوي، مەيلى 100 كوي بولسىمۇ ئالسىلا!

— بەللى، بىر ئېشەكنىڭ پۇلىكەن بۇ، — دېدى بۇتىيا قەغەزنى كىر كۆينىكىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ، — ئەمسە ئىسچوت سورىمىسىلا زەمىنباي، ماقۇل ئەمسە سودىلىقلىرىنى ئالغاچ كېلەي، ئۇنتۇپ قالمىسام ئالىمەن. مەن بۈگۈن سېرىق بۇيا بازىرىغا كىرگەن مىدە ئېشەكنىڭ ھەممىسىنى ئالىمەن. بىر خەنزۇ بىلەن سۆزلىشىپ قويدۇم. سوۋاردىمغا 800 كويدىن ئالىدىغان بولدى. مەن 300 كويدىن 500 كويغىچە باھادا ئالالايمەن. لېكىنزە جاپاسى جىق. دەريادىن ئۆتكۈزگىچە ئېشەكلەرگە مىڭ پەشۋا ئاتىدىغان گەپ. مەندىن باشقا كىم ئېشەك بىلەن مۇشتلىشالايدۇ؟ جاھىللىرىنى باغلاپ سۇدىن كۆتۈرۈپ ئۆتكۈزىمەن. يامانلىرىنى مۇشت بىلەن ئۇرۇپ تۇمشۇقلىرىنى قانىتىپ ياۋاشلىتىدىغان گەپ. ھەدي پۇل تاپماقنىڭ تەسلىكى.

— ئاسان پۇل تاپىدىغان ئىش قىلسىلا بولامدۇ؟ — دېدى يەنە بىر بومبا ساقاللىق دېھقان

① قول تىراكتورى

ئاشقان بۇردا ناننى يېشىل تاۋار بەلبېغىغا تۈگۈپتىمىش، ـ ناھىيىدە ئوغلاق بولارمىش، بىرىنچى بولغان ئادەمگە 500 يۈەن نەق پۇل بېرەرمىش.

ـ راستىمۇ؟ ـ بۇتيانىڭ كىچىك كۆزلىرى پىلدىرلاپ ياپىلاق بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرى كېرىلدى، ـ قاچان بولىدىكەن؟

ـ ئۈن ئىككىنچى چىسلا.

ـ بۈگۈن چىسلاغا قانچە؟ كۈنگە نېمە زەمىنباي؟

ـ چىسلاغا سەككىز، يەكشەنبە، ـ دېدى زەمىنباي كۈلۈپ، ـ ئۆزلىرىنى سىناپ باقامىلا بۇتياۋاي؟

ـ سىناپ باقمايچۇ؟ ـ دېدى بۇتيا ئورنىدىن تۇرۇپ، ـ ئالقاندىكى پۇل بۇ دېسىلە. پايدا نەدە، بۇتيا شۇ يەردە.

ـ زەمىنباي، بۈگۈن سىلىدىن يېڭىلىق ئاڭلاشقا ۋاقىت چىقمايدىغان بولدى. كۆرۈشكىچە سالامەت بولايلى.

ـ ئىگىسىگە ئامانەت بۇتيابەگ!

چايخورلار بۇتيانىڭ كەينىدىن دۈگا قىلىشتى. موتوتسىكلىت بۇتيانىڭ ئاۋازىدەك توپال ۋارقىرىدى ـ دە، يىراقلاپ كەتتى.

ـ ئەمدى قولاق تىنجىدى، ـ دېدى بىر مۇتىبەر ساقىلىنى سىپاپ، ـ قېنى زەمىنباي، گېزىت يېڭىلىقلىرى، كىتابلاردىن ئوقۇغانلىرىنى سۆزلەپ بەرسىلە.

ـ يېقىندا قولۇمغا بىر كىتاب چۈشۈپ قالدى، ـ دېدى زەمىنباي يېقىملىق ئاۋاز بىلەن، ـ بىرلا قولۇمغا ئالدىم ـ دە، ئوقۇپ تۈگىتىپ بەراقلا توختاپتىمەن. ئېگىنىزە ئاجايىپ كىتابكەن.

زەمىنباي كىتابقا يېزىلغان ئىشلارنى خۇددى بۇتيا ئىت تالاشتى ئەينەن دورىغاندەك، زوق-شوق بىلەن دوراپ سۆزلەشكە باشلىدى. بۇ يەرگە يىراق يەرلەردىن مۇشۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئەتىگەنلىك چاي ئىچىشكە توپلىنىشقان يېشى ھەر خىل، چىرايلىرى خىلمۇخىل، كىيىنىشلىرى، ئولتۇرۇشلىرىمۇ پەرقلىق بولغان دېھقانلار قىزىقىش، ھەۋەس ۋە زېھنى بىلەن زە-

مىنباينىڭ ئاغزىغا قاراشقان، ئۇرۇزلىرى ئاراپخان، دېمەك چايخانا شۇ تاپتا ئۇلار ئۈچۈن ھۆز-زۇر ـ ھالاۋەتنىڭ بۆشۈكى. زەمىنباينىڭ يېگىچەكە، ساپ ئاۋازى ئۇلار ئۈچۈن يېتىلگەن ئانارنىڭ قىرائىتىدەك تەسىرلىك.

چۈنكى بۇ ئۆي، بۇ ئاۋازدا يېڭىلىق ـ دەۋر ئاۋازى، يېڭى دۇنيانىڭ ئۈمىد ـ ئارزۇلىرى بار.

2

بۇتيا زەمىنباينىڭ 200 يۈەن پۇلىنى ئارقا يانچۇقىدىن ئېلىپ 100 يۈەنىنى ئايرىپ كىتابلار تىزىملىكى يېزىلغان قەغەزنىڭ يېنىغا سېلىپ قويدى ـ دە، قالغان 100 يۈەنىنى ئۆز پۇللىرىغا قوشتى؛ «100 يۈەنلىك كىتاب ئالسامۇ ئۇ مەندىن مىڭ رازى بولىدۇ. ھەر قېتىم سودا بۇيرۇغاندا شۇنچىلىك پايدا ئالسام زەمىنىنىڭ تاپقان پۇلىنىڭ يېرىمى مېنىڭ!» دېدى ئۇ، موتوتسىكلىتنى بىر چوڭ قورا ئالدىدا توختىتىپ:

ـ نۇرەكۋاي! دەپ ۋارقىرىدى ئۇ خۇددى ھاڭگا ھاڭگىرىغاندەك يوقىرى ئاۋازدا. دەرۋازىدىن شاپاق دوپپا، ئاق يەكتەك كەيگەن، مەيدىسى ئوچۇق، ئاق ـ سېرىق پوتاق ئادەم ئالدىراپ چىقتى:

ـ ئۆيگە كىرەيلى بۇتياۋاي!

ـ خوشە، ئېتىڭ بارمۇ؟

ـ ئوغلاق بولامدىكەن، بەيگىمۇ؟

ـ ئېيتە نۇرەك، ئېتىڭنىڭ بىر كۈنلىكىگە نەچچە ئالىسەن؟

ـ بەيگە بولسا، 100، ئوغلاق بولسا، 150 نى بېرەرسەن؟

ـ نېمە؟ ـ بۇتيانىڭ قىيغاچ كۆزلىرى پىرقىرىدى، ـ ئوغلاققا چاپىمەن، بىر كۈنلۈكى 50 كوي. ئىگەر ـ توقۇمى بىلەن بۈگۈن كەچكىچە ئۆيگە ئاپىرىپ قوي، بولمىسا رەنجىشىپ قالىمىز ـ ھە!

بۇتيا «گەپ تۈگىدى». دېگەندەك قىلىپ موتوتسىكلىتنى ئوت ئالدۇردى. نۇرەكنىڭ ئېغىزى كاماردەك ئوچۇق پېتى تۇرۇپلا قالدى. ئۇ بۇتيانىڭ دېگىنىنى قىلماسلىققا ئىلاجىسىز ئىدى!

بۇتيا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ، ئەتراپتىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئېتىزلار، باغلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ كېتىپ باردۇ. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنى تەڭدىشى يوق دانا، كۈچلۈك، ھۆكۈمران ھېسابلىماقتا. ھازىر ئۇنىڭغا ھەددىسىلا جەرىمانە قويىدىغان سېكرېتارمۇ يۇۋاشلىغان، پات - پاتلا بۇتيانىڭ «ئىپادىسى»نى ئىگەللەشكە كېلىدىغان يېزا ساقچىسىمۇ كەلمەيدىغان بولدى. ئەمدى بۇتيانىڭ ئەقلىنى، قارا كۈچىنى راسا ئىشقا سالىدىغان ۋاقتى كەلدى. ئەقلىدە، قارا كۈچتە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بۇتيادەك ئادەم ھەرقانداق قارامىلىقتىن ئۆزىنى تارتمايدۇ - دە، بىرلا شەرت شۇ: پۇل تاپسىلا بولدى. پۇللا ئۇنىدىكەن بۇتيا ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا تەييار. بۇ ئىش چوڭ - كىچىك، ئوڭاي - تەس بولسىمۇ مەيلى، بۇتيانىڭ قىلىشقا كۆزى يەتسىلا ئۇ ئىشتىن باش



تارتمايدۇ. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن بۇتيا داڭلىق نامى ھەممە يەرگە مەلۇم ئادەمغۇ!

— يالغان بولسا، خەلق ئېغىزىدىكى ھېكايىلەرگە قۇلاق سېلىڭ:

... بۇتيا بىر كۈنى راسا مەس بولۇۋېلىپ ئىت تالاشتۇرۇۋاتقانلارنىڭ يېنىغا كەپتۇ - دە، تۆت پۇتلۇق بولۇۋېلىپ يېڭىپ چىققان قارا ئىتقا قاراپ بىردە ھاۋشۇپ، بىردە خىرقىراپ خىرىس قىلغىنىچە تۇرۇپتۇ، كۆپچىلىك قىزىقچىلىق قىلىپ ماقتىنىۋاتقان ئىت ئىگىسىنى دەيدەيگە سېپتۇ:

— بۇتيا جەزمەن 500 كويدىن دو تويۇپ ئىتىڭ بىلەن تالىشىدۇ!

— تالىشىمەن!- دەپتۇ بۇتيا ئىتقا ئېتىلىپ.

— پۇلۇڭنى چىقار!—دەپتۇ ئىت ئىگىسى. بۇتيا يېنىنى كولاپتۇ. قىزىقچىلار بىر دەمدىلا يىغىش قىلىپ 500 كويىنى غەملەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇتيا ئىتقا ئېتىلىپتۇ. ئىت بۇتيا بىلەن ئۆرەدەشىپتۇ. بۇتيا قارا ئىتنىڭ ئىككى قۇلىقىدىن تۇتۇۋېلىپ ئۆزىنى زادىلا چىشلەتمەپتۇ. ئىت بىلەن ئۆرەدەشىپ - چىرماقلىشىپ ئاخىر بۇتيا قارا ئىتنى بېسىۋاپتۇ - دە، ئېغىر گەۋدىسى بىلەن ئىتنىڭ قورسىقىغا ئولتۇرۇۋېلىپ ئىتنىڭ بېشىنى يەرگە ئۇرۇۋېتىپتۇ. ئاخىر ئىت ھوشسىزلىنىپتۇ. بۇتيا بىر ئىشتان زىيان تارتقىنى بىلەن 500 كوي ئۇتۇۋاپتۇ.

— كىم مۇشۇ شوخا تىكەن ئۈستىدە يالىڭاچ ئېغناپ ئۇ باشقا چىقالىسا 100 كوي دەپتۇ بىر بەگگى 200 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يەرنى كۆرسىتىپ،—بۇتيا دەرھال كىيىمىنى سېپتۇ ۋە گەپمۇ قىلماي ئېغناپتۇ. بەدەنلىرى سوقۇشقاق خورازنىڭ تاجىسىدەك قان تەپچىرەپ تۇرغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ بەگگىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ ۋە 100 كويىنى ئۇنىڭ قولىدىن يۇلۇپ ئاپتۇ.

بۇنداق مىساللار خېلى كۆپ. بۇتيا بۇ «نوچىلىق»لىرى بەدىلىگە نام چىقىرىپلا قالماي، پۇلمۇ تاپتى. «بىر كۈن ئۇۋام بىلەن ئىركىشىپ بىر ئاي بىكار يۈرسەم بۇنىڭ نېمىسى زىيان؟»

دەيدۇ ئۇ زىمىنبايدەك نەسىھەتچىلەرگە مەغرۇر قادىيىپ.

ئەتىسى بۇتياۋاي چايخانىغا موتۇتسىكلىت بىلەن ئەمەس، ئات بىلەن كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم تىڭشامەت بۇرادەرلەر! — دېدى ئۇ تۈنۈگۈن قىزىلبۇيا بازىرىدىن ئۆگىنىۋالغان سۆزىنى ئىشلىتىپ. — سالامەت قوپاشتىلىمۇ؟

— ئەسسالامۇ - ئەلەيكۇم ئامەتلىك بېگىم! — دېيىشتى كۆپچىلىك، — سودا - سېتىق بەلەنمۇ؟

— قۇرۇسۇن! — دېدى بۇتيا تامغا يۆلىنىپ بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇۋېلىپ، — ئېشەك دېگەن تېخىمۇ ھارام بولۇپ كەتسۇن، بىر پۇڭلۇق پايدا يوق. ھېلىقى خەنزۇمۇ يېنىۋاپتۇ. ئېشەك بازىرىغا مىدە دېگەن توشۇپ كېتىپتۇ. ياللا، بۇ خەقنىڭ قۇلىقى، ئېشەكنىڭ قۇلىقىدىنمۇ ئۇزۇن جۇما. ئېشەك ئالىدىغانلارنىڭ شىڭشىڭشاغا كەلمەي تۇرۇپ بىزنىڭ سودىگەرلەر ماللىرىنى تەييارلاپ بولىشىدىكەن!

— پايدا ئالالماپسىدە، ئاپلا، يامان پوپتۇ.

— نېمىشقا ئالالمايدىكەنمەن؟ — دېدى بۇتيا ئىچ ئاغرىتقۇچىغا قىيغاچ كۆزلىرىنى پىرقىرىتىپ قاراپ قويۇپ، — ئېشەكتىن پايدا ئالالمىغان بىلەن تاۋۇكادىن ئالدىم.

— نېمە دېدىلە؟ — دېدى زىمىنباي خۇددى چايان چاققاندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — بۇ، بۇ . . .

— بۇ، بۇنى ئازراق دېسىلە زىمىنباي، — دېدى بۇتيا كۈلۈپ.

— سەت گەپ بولسىمۇ دەپ بېرەي، تۇۋا، سىلىگە كىتاب ئالىمەن دەپ كىتابپۇرۇشنىڭ ئالدىدا شۇنداق زوڭ ئولتۇرۇۋىدىم، خۇددى خادىنى يېرىتىلغاندەك، «تات - تات - تات» قىلىپ بىر نەچچىسى چىقىپ كېتىپتۇ. بىر كەمدە قارىسام، بىر ئاداش مۆرەمگە ئۇردۇ.

— نېمە دەيسەن ئاداش، گەپ بارما؟ دېسەم، — نوچى ئوخشىمامسەن؟ — دەيدۇ تېخى.

— ھە، نوچى بولسام قانداق قىلماقچىدىڭ؟ دېسەم، — 100 كويدىن ئۇسۇرۇشامسەن؟ — دېمەمدا ئوغرى. «ئەستەغپۇرۇللا» دەيمەن. زىمىنباي بىر قېتىم ھېيت ئوغرى بىلەن 50 كويدىن كېكىرىشىۋاتقاننىڭ ئۈستىگە كېلىپ تەنقىد قىللا ئەمەسما، شۇ تەنقىدلىرى قۇلىقىمدا تۇرۇپ قاپتىكەن، ھېلىقى ئوغرىغا «ياق» دەپ سالپتىمەن. قارىسام ئۇ ئوغرى قاقاقلاپ كۈلۈپ يۈرىدۇ. جۇدۇنۇم تۇتتى - دە، ماڭ جوغۇ ئەۋەدە تۇرۇپ «تۇر» دەپ ئوغرىنى كەتكۈزۈۋەتتىم. خام لەخمەندىن ئىككى تەخسە، ئۆرۈكتىن ئەللىكنى يەۋېتىپ ئىگەكىم ھېلىقى ئوغرى بىلەن تازا زوڭ ئولتۇرۇپكەم،

— بولدى بۇتياۋاي، — دېدى زىمىن تەرىنى تۇرۇپ، — باشقا گەپ قىلسىلا.

— ئۇتتىلىما — دېدى «خوتەك» نانىنى قۇرۇق يەۋېتىپ قىزىقىپ.

— ئۇتمامدىغان، — دېدى بۇتيا ئەتراپقا مەغرۇر قاراپ قويۇپ، — ھېلىقى ئوغرى يەتمىشنى كەلتۈرۈۋىدى. پىقىر ماما ئەمسە دەپ تۇقانىنى . . .

— ئەمدى بولار بۇتياۋاي، — دېدى مويسىپىت ئادەم تەتۈر قاراپ، — غىمزا ۋاقتىمدا بىئەدەپ گەپ قىلىش گۇنا بولىدۇ بۇتياۋاي.

— شۇنداقما؟ — دېدى بۇتيا تەنە بىلەن موللا چىراي مويسىپىتكە ئالىيىپ قويۇپ، — ئەشۇ يۈز كوينى نەزىرىگە خەجلەپ ئالدىلىرىغا پوشكال قويسامچۇ؟

— ئازار بەرمىسىلە بۇتياۋاي، — دېدى بايىقى مويسىپىت يىغلامسىراپ، — ناشتىدا ياخشى گەپ، مۇھەببەت ئىزلەپ بۇ چايخانىغا كېلىمىز ئۇجام، ئازار بەرمىسىلە.

— ماقۇل ئاتا، ماقۇل! — بۇتياۋاي قوغۇنلۇقتا قاغا قورىغاندەك ۋارقىرىدى، — زىمىنباي،

ئوغلاققا ئىككى كۈن قالدىمۇ؟ ئات تاۋلاشنى سىلى ئوبدان بىلىدىلا. ئۈرەكۋاينىڭ ئېتىنى 50 كويغا بىر كۈن مېنىشكە ئالدىم. ئاتنى تاۋلاپ بەرسىلە؟

— بولىدۇ بۇتياۋاي، مانا بۇ سەنئەت. ئوغلاق تارتىشتا بىرىنچى بولسىلا سىلىگىمۇ، بىزگىمۇ پايدا. ناھىيىدىن تاللانسىلا ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇسابىقىغا قاتنىشىدىلا، پۈتۈن ناھىيىمىزنىڭ شان - شەرىپى ئۈچۈن بەلەن ئىش قىلغان بولىلا. ناملىرى تېخىمۇ چىقىدۇ.

— مۇنداق دېسىلە، بەلەن، بەلەن! — دېدى بۇتيا بۇقا بويىنىدەك توم بويىنىدىكى تەرنى كىرلۇڭگىسى بىلەن سۈرتۈپ، — زىمىنباي، ئەمما لېكىن سىلىنىڭمۇ ناملىرى چىقىپ بوپتۇ. ھەممىلا كىتابپۇرۇش سىلىنى تونۇيدىكەن. مانتىپەزنىڭ دۇكىنىدا ئىككى ئەپەندى سىلىنىڭ گەپلىرىنى ھەدەپ قىلغىلى تۇرۇپتۇ. بىر يازغۇچى دەمدۇ. مۇخپىر دەمدۇ سىلىنىڭ كىتابخانىلىرىنى، سىلىنىڭ ھېلىقى تېخنىكا ئۆگىنىدىغان مەكتەپلىرىنى ماختاپ ماقالە يازغان چېغى، سىلىنى بەلەن ماختىدى جۇمۇسلا، ئاخىر چىدىماي ئۇلارنىڭ گېپىنى تارتىۋالدىم جۇما، «زىمىن دېگەن مېنىڭ دوستۇم. ئۇنىڭ سەيگۈيەنى ① ئەن. ئۇنىڭ ھەممە كىتابلىرىنى، دۇتار، تەمبۇر راۋاپلىرىنى مەن ئېلىپ بەرگەن. مۇنۇ كىتابلارنى مانا بۈگۈن ئالدىم، زىمىن بىلەن خوتۇنى 10 - سىنىپنى تۈگەتكەن دېھقان بولغىنى بىلەن بىر دۆلەتكە زۇڭلى قىلىپ قويسا تەمتىرىمەيدۇ. ھەر قايسىلىرى ئەپەندى بولۇشقانلىرى بىلەن تېخى زىمىنبايدىن جىق دەرس ئېلىشىدىلا» دېدىم جۇمۇسلا. لىۋەن باللىكەن، يەگەن مانتامنىڭ پۇلىنى تۆلەپ ئىككى چىنە پوۋا قويۇپ بەردى دېسىلە. مەدەنىيەتلىك دېھقان، 80 - يىللارنىڭ ئەمگەكچىسى دەپ مېنىمۇ ھەدەپ ماختاپ يۈرىدۇ تېخى!

كۆپچىلىك ھۇزۇر، زوق بىلەن كۈلۈشتى.

— ھېلىقى مۇسابىقىلەردىكى كۆرگەن بولسا مەدەنىي دېھقان دەمەيتتى جۇما؟

— بولدى، ۋاي خوتەك، بىر گەپنى ئاغزىڭغا ئېلىۋالساڭ ھېلىدەك كەچكىرگىچە، شورايدىكەنسەن، جۇرە تالاغا چىقىلى!

بۇتياۋاي خۇددى ساچۇجىنى ئېلىپ ماڭغاندەك «خوتەك» نى تالاغا ئېلىپ ماڭدى.



چايخورلار قىزىقچىلىق كۆرگىلى تالاغا چىقىشتى. چايخانىنىڭ ئودۇلىدىكى كونا خامان ئورنىدا بۇتيا ئات ئوينىتىپ بايىقى «خوتەك» نى بىر قولى بىلەن يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاتنى بولۇشىغا چېپىپ دۆۋىلەكلىك پاخالنىڭ ئۈستىگە ئاتىۋاتتى. «خوتەك» ئۈستىۋېشى پاخالغا مىلىنىپ يەرگە چۈشسىلا بۇتيا يەنە ئۇنى بېلىدىن تۇتۇپ يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ قىينىماقتا ئىدى.

① مال سېتىۋالغۇچى

— بۇ قامالاشمىغان مەشىق! — دېدى زەمىنباي ئاچچىقى بىلەن ۋارقىراپ، — بوتىياۋاي لازىم بولسا مەن سىلىگە بىر ئۆچكە سويۇپ بېرەي، شۇنى مەشىق قىلسىلا.

—قويۇپ بەرسىلە، مۇنۇ «خوتەك» تولا چىشىمغا تېگىدىغان بولۇپ قالدى!

—مەيلى! — دەپ چىرقىرىدى ئەسەبىيلەشكەن «خوتەك»، — قويۇپ بېرىڭلار، يولۋاستىن قورقمايدىغان «خوتەك» مەن!

— بىچارە! — دېدى موھەممەت ياقىسىنى تۈزۈپ، — توۋا، تاپقان قىلىقىنى قاراڭلار بوتىياۋاينىڭ، يىگىرمە يىلدەك سەرگەردان بولۇپ بۇ بىچارە ئەمدى يېزىسىغا كەلگەن تۇرسا، شۇنى بوزەك قىلمىسا نېمە بولاردى.

زەمىنباي خامانغا قاراپ يۈگۈردى.

— بوتىيا ۋاي، ئۇنىڭ ئورنىغا مېنى ئوغلاق قىلسىلا!

بوتىيا ئېتىنى توختاتتى. پاخال - سامانغا مىلەنگەن، كىيىملىرى يىرتىلغان، بۇرنى قانىغان «خوتەك» ئۇنىڭ قولىدىن سىيرىلىپ چۈشتى.

3

كىچىككىنە يېزا ئۈچۈن يېڭىلىق ھەر كۈنى دېگۈدەك تېپىلىپ تۇرىدۇ. مەسىلى بىرسىنىڭ قويى ئۈچنى قوزىلايدۇ، بىرسىنىڭ ئايالى قوش كېزەك تۇغسا، يەنە بىرسى ئايالىنى ئۈچ تالاق قىلىپ قويۇپ قايتىدىن نىكاھلىنىشقا پەتىۋا ئىزدەيدۇ، بىرسى قول تراكتور سېتىۋالسا يەنە بىرسى ماي زاۋۇتى قۇرىدۇ. بىرسى مەھەللىنى توك بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن سىم تارتىشقا كىرىشسە، يەنە بىرسى يوشۇرۇنچە ئۆسۈمگە قەرز تارقىتىدۇ.

لېكىن مەيلى قانداق بىر يېڭىلىق بولسۇن، ئۇ چايخورلارنىڭ ئاشتىلىقى بىلەن بىللە چايخانىغا كېلىدۇ - دە، ئۇ يەردە بىر دە سەمىرىپ، بىر دە پەدازلىنىپ، يەنە بىر دە بۇزۇلغان سائەتتەك قايتا توغرىلىنىدۇ - دە، قايتىدىن كوچىغا، ئۆيلەرگە، خامان - ئېتىزلارغا تارقايدۇ. مانا بۇلار يېزا قىزىقچىلىقى.

بۈگۈن ھاۋا تۇتۇق، دالا شاماللىق. چايخانا دىمىق، تورۇسنى بويلاپ كۆكۈش ئىس لەيلەپ يۈرمەكتە. لېكىن پەتنۇسلاردا سۇنۇلغان مېزىلىك چەينەكلەر بىلەن، ئۈشتىساڭ ھورى چىقىپ تۇرىدىغان مەگزى قىزارغان نانلارنىڭ پۇرىقى چايخانىغا كۆڭۈللۈك، تەملىك ھاۋا تارقاتقاچقا چايخورلارنىڭ چىرايلىرى ئىللىق، گەپلىرى سىلىق، سالاملىرى قىزغىن.

— ئەسسالام داستىخىنى كەڭ ئۇلپەتلىرىم!

بوتىياۋاي ئېغىر قەدەم، كۆڭۈلسىز سالام، تۇتۇق چىراي بىلەن كىرىپ كەلدى.

— يۇقىرى ئۆتسىلە بوتىياۋاي، — دېدى موھەممەت بەلبېغىنىڭ ئۇچى بىلەن يۈزىنى ئېتىپ مېيىغىدا كۈلۈپ قويۇپ، — بۈگۈن ھاۋا ياخشى ئەمەس.

—نېمىگە خاپىسەن بوتىيا دەيلىغۇ ھە قاچان، — دېدى بوتىيا بوۋاينىڭ كۈلكىسىدىكى تەنىنى چۈشىنىپ، — خامىنىمغا ئوت كەتكىنى يوق، يا بولمىسا خوتۇنۇمنىڭ تۇغۇتى تەتۈر كەلگىنى يوق، يۇرتقا نام - ئاتاق ئەكېلىمەن دەپ ئوغلاق تارتتىم قانداق بوپتۇ تەخسىر؟

— ناھايىتى بەلەن، ئۇلۇغ ئىش بوتىياۋاي! — بوۋاي يەنە كۈلدى.

— بىرىنچى بولالمىدىڭ بوتىيا دەۋاتىلىغۇ دەيمەن؟

— يوقسۇ، بەلەن تارتىپلا غوجام.

— يوقسۇ، تەخسىر سىلىدەك تەقۋادارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويماي دەپ ئاتنى تاۋلىغان بىلەن ئۆزەمنى تاۋلىماپتىمەن.

— بۇ نېمە دېگەنلىرىكەن؟

—ئىچەلمىدىمدە—، «كۈچۈك داچىيۇي» دىن بىر بوتۇلكىنى بوشىتىۋېتىپ ئوغلاققا چۈشكەن بولسام، بىرىنچى بولاتتىم. شۇنىسى كەم بولۇپ قېلىپ، ئۈچىنچى بولۇپ قالدۇق، ئاران 100 كوي مۇكاپات ئالدۇق. ئاتقا تۆلەيتىمەن قالدى قېتىقىنىڭ بەش پۇلى، خاپا بولماي خۇشال بولسام بولاتتىمۇ ئەمىسە؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گويا بۇتياۋاينىڭ كەيپى بۇ چايخانىنىڭ ھاۋاسىنى ئۆلچەيدىغان تېرمومېتىردەك ئۇنىڭ قاپىقى تۇرۇلسە پۈتۈن چايخانا سوۋۇيتتى، چايخانىچىمۇ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ پۇتىنىڭ ئۇچىدا ماڭاتتى. بۇتياۋاي قاھ-قاھلاپ كۈلسىچۇ؟ ئۇ چاغدا ھەممە چىرايلاردا كۈلكە، چايخانىدا ھارارەت پەيدا بولۇپ، چايخانىچى ئىككى سۇپا ئارىلىقىدىكى يەگەدا يورغىلاپ، ساماۋەرلەرنىڭ ئوتلىرىمۇ چوغلىنىپ كېتەتتى.

بۈگۈن بۇتيانىڭ كەيپى يامان، شۇڭا پاراڭ قىزىمىدى. بۇتيا ئەتراپىغا قاردى:

— زىمىنباي كۆرۈنمەيدۇ — يا؟

— خوتەكمۇ ئىككى كۈن بولدى كەلمىدى، — مويسىپىت بۇتياغا قاراپ قويدى، — بۇتياۋاينىڭ چاقچىقى ھار كەلگەن چېغىۋا!...

— شۇ خوتەكنىڭ كاساپىتى، — دېدى بۇتيا قايماقلىق چايغا ناننى ئۇششاق توغراپ سېلىۋېتىپ، — شۇ كۈنى خوتەك ئاتنىڭ تۇمشۇقىغا ئۈچ قېتىم ئۇسسۇۋەتكەن، ئات چام ئېلىپ قاپتۇ. ئوغلاقتىن ئۆركۈپ يېقىن كەلگىلى ئۇنىماي ئۈچ قېتىم يەردىن ئوغلاقنى ئېگىشىپ ئالالمىدىم. شۇڭا، ھېلىقى ئالا ئاتلىق توققۇز قېتىم تاشلىدى. مەن يەتتە قېتىم پەللەككە ئوغلاق تاشلىيالىدىم.

— گەپ ئاتتىكەن!

— «خوتەك» نىڭ كاشىلىسىكەن راست!

— بۇتياۋاي ئىككىنچى بولاتتىمۇ، ئات ئىككىنچى بولغان گەپ!

ئەمدى بۇتيانىڭ چىرايى ئېچىلدى. ئۇ ماختىنىشنى باشلىدى:

— شۇدە! مەن قاچان ئىككىنچى بولغان؟ ئاغامچا تارتىشتا بىزنىڭ يېزا كەنىنىڭ كۈچى بىلەن بىرىنچى بولدى؟ ھاشاردا كۈنىگە 50 كۇب توپا قازغان كىم؟ باشقىنى قويايلى، تومۇزدا پاخلان گۆشى يېيىشتە كىم مېنى يېڭەلىدى؟ ئون كىلو پاخلان گۆشىنى سۇدا ياتماي سىڭدۈرگەنمۇ، ئوتتۇز بوتۇلكا پىۋىنى بىر ئولتۇرۇشتا ئىچىۋېتىپ ئەللىك كوي ئۇتتۇۋالغانمۇ، زۇڭزىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ ئون قوغۇننى يەپ بولغانمۇ مەن

بۇتيا. تېخى يەنە يىگىرمە يىل بىرىنچىلىكنى بەرمەيمەن. بەسلىشىمىدىغانلا ئىش بولسا بول، تىكىمىدىغانلا ئادەم بولسا، قىلالمىغان ئىشلىرىممۇ ياق دېمەيمەن. بىر كۈنى دەرياغا راسا لىغىلدىشىپ كەلكۈن كەلدى. قاردىساڭ بېشىڭ ئايلىنىدۇ. بىر ئوغرى قوپاپ، كىم مۇشۇ دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتەلىسە، مۇشۇ ھاڭگىمىنى بېرىمەن دېمەمدا، ئويلانمايلا كىيىم سالدىم. ئىنگەكىم ئېشەككە ئوخشاش، سۇنى كۆرسەم تېنىم جۇغۇلدايتتى، ھاڭگىنى بېرىمەن دېۋىدى، ھەممىنى ئۇنتۇپتىمەن. سالاچىلار پەلەن-شەلەن دېگۈچە سۇغا سەكرىدىم. چۆكمەن، سەكرەيمەن، يەنە چۆكمەن، يەنە سەكرەيمەن، بىر كەمدە ھالىمدىن كەتتىم، ئىنگەكىم مېنى سەكرىگەندىمەن، ئەمدى ئۆلدۈم دەپ يەرنى دەسسىسەم دەريا سۈيى كىندىككە كېلىدىغان يەردە تۇرۇمەن. تۆت تاقلاپ ئا قاتقا ئۆتتۈم. كېيىن بىلسەم بۇ قاتقا ئۆتۈپ، ھاڭگىنىڭ چۇلۋۇرۇنى تۇتتۇم. «سەن بۇتيا ئۈزمەستىن سەكرەپ ئۆتتۈڭ» دېمەمدا ھېلىقى ئوغرى، گەپ قىلماستىن بۇغدىيىكىگە بېرىنى تۇرتۇپ ئېشەكنى ئېلىۋالدىم! مانا مۇشۇنداق قىلىپ داڭ چىقارغان مەشھۇر ئادەممەن!

— ئامىتى بار، بۇتياۋاينىڭ ئامىتى بار، — دېدى بىر چايخور.

— مۇشۇنداق قىلىپ بېيىۋاتىدۇ. قارا كۈچنى پۇل قىلىۋاتىدۇ، — دېدى يەنە بىرسى.

چايخانىغا زىمىن كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا چاققان ئۇنئالغۇ بار ئىدى. ئۇنئالغۇدىن قالۇن، غىجەك، دولان راۋاپى تەڭكەش قىلىنغان مۇزىكا، يېقىملىق ناخشا ئاڭلانماقتا. زىمىننى كۆرۈپ بۇتيا ئورنىدىن تۇردى ۋە چوتكىدەك قاشلىرىنى ئېتىپ، كېلەڭسىز گەۋدىسىنى لىغىرلىتىپ، ھۆكۈزنىڭ پاچىقىدەك قاسماقلاشقان ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ، يېڭى ئۆگىتىلگەن ئېيىقتەك ئۇسۇل ئويىنىغىلى تۇردى.

— سىلى ئۇسۇلدا ھېچكىمنى يېڭەلمەيلا، — دېدى زېمىنباي ئۇنىڭغا بېقىپ ئىككى ئايلىنىپ قويۇپ، — ناھىيىدە چېلىش بولىدىكەن. سىلى مانا بۇ مۇسابىقىدە نام چىقىرالايلا.

— بىرىنچى بولغان ئادەمگە نېمە بېرىدىكەن؟
بوتىيانىڭ چوتكا قاشلىرى دىگىكايدى، قىيغاچ
كۆزلىرى پىرقىرىدى.

— ئۇقمۇدۇم، ناھايىتى بوپتۇ پالۋان تاللاش
بولغاندىكىن ئاز بولمىسا كېرەك.

— ئون تەڭگە بولسىمۇ يۇلغىنىم - يۇلغان، —
دېدى بوتىيا خۇددى ھازىرلا چېلىشقا چۈشىدىغان-
دەك ئالدىراپ.

شۇ سائەتتىن باشلاپ بوتىيا باشقا ھەممە ئىشنى
يىغىشتۇردى. ئۇ كۆرۈنگەنلا ئادەمنى بېلىدىن
تۇتۇپ پىرقىرىتىدىغان، مورىسىگە ئېلىۋالىدىغان،
يېقىنراقلارنى پىرقىرىتىپ ئاتىدىغان، كۈچلۈكرەك-
لەرنى تەتۈر، ئوڭ چىماق ئۇرۇش، ياماپاشقا
ئېلىش، قول قايرىش ماھارەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ
خېلىلا قاتتىق ئاتىدىغان بولۇۋالدى. بەزىلەر
خاپا بولسا، بوتىيا ئۇنىڭدىن بەتتەرەك كۆكەپ:

— يېزىمىزنىڭ داڭقىنى چىقىرىش ئۈچۈن بىر
يېرىڭ ئاغرىسا نېمە بولاتتى! — دەپ ۋارقى-
رايتتى تېخى.

بوتىياۋاينىڭ كۈچلۈك قوللىرىدا مەھەللىدە
مەجلىمىگان ئەركەك قالمىغىلى تۇردى. كىشىلەر
ئۇنى كۆرسە قاچىدىغان بولۇۋالدى. بىر كۈنى
ھويلىسىدا چېلىشىدىغان ئادەم تېپىلمىغىنى ئۈچۈن
ئايالىنىڭ بېلىدىن تۇتۇۋېلىپ پىرقىرىتىشقا باش-
لىدى. ئايال خۇددى ئىتنىڭ ئاغزىدىغا چىشلەن-
گەن مېكياندەك ئالەمنى بېشىغا كەيدى. قوشنا-
قولۇملار يۈگۈرۈشۈپ كېلىشتى. بوتىياۋاي تاقاق-
لاپ كۈلۈپ ئايالىنى كەڭەز يېيىلغان تونۇرنىڭ
بېشىغا ئاتتى - دە:

— مەشق، بىرىنچىلىك ئۈچۈن! — دېدى.

— كۈچلۈكرەك بىرسىنى تاپقىن - دە، ھەي
خوتەكنىڭ يوقلۇقى!

«خوتەك» مەھەللىدىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ
ئۇستا چېلىشچى ئىكەنلىكىنى بوتىيا ئاڭلىغان.
لېكىن ھېلىقى كۈنى بوتىيا ئۇنى «ئوغلاق» قىلىپ
ئوينىغاندا «خوتەك»نىڭ مۇنۇ ئايال-چىلىكمۇجېنى
يوقلۇغىنى كۆردىغۇ. ئۇ بولسا قانداق قىلاتتى.
بوتىيا ئۇستى يالىڭاچ، ئىشتاننى تىزىدىن يۇقىرى
تۈرگەن ھالدا تۈت كېچىغا چىقىپ تۇردى. ئۇنىڭغا
ھېچكىم ئۇچرىمىدى. بىر كەمدە مەھەللىنىڭ
دۇمچەك ئىمامى بىر قارا خوتەكنى يېتىلەپ كوچىدا
پەيدا بولدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئىمام ئاخۇنۇم.

— ۋائەلەيكۇم ئەسسالام بوتىياۋاي.

ئۇلار كۆرۈشتى. كۆرۈشتى - دە، بوتىياۋاي
ئىمامنى يەردىن ئىككى مېتىر ئېگىزلىككە كۆتۈرۈپ
ئەپچىقىپ خۇددى بوۋاقنى ئوينىتقاندەك ئوينات-
قىلى تۇردى. ئاخۇنۇم قورققىنىدىن ھوشىدىن
كېتىشكە تاسلا قالدى. بوتىيا ئاخۇنۇمنى بېشىدىن
ئېگىزدە توختىتىۋېلىپ يۈزىنى يۈزىگە توغرى-
لىدى - دە:

— ئاخۇنۇم «خوتەك» نېمىگىز، — دەپ سورىدى.

— ئوغلۇم...، — ئاخۇنۇم غالىلداپ تىترىدى.

— ئۇ چېلىشچىمۇ؟

— شۇ...شۇنداق...يېنى يەرگە تەگمىگەن...

— نەدە ئۆگەنگەن؟

— ئاستىن ئا...تۇشتا...

— مېنى باسالامدۇ؟

— بىلمەيمەن بالام...

— راست گەپ قىلسىلا؟

— ئۇ ھازىر ئەللىكتىن ئاشتى...بەلكىم...

بوتىيا ئاخۇنۇمنى قويۇپ بەردى — دە، ھېلىلا
ئېغناپ قويۇپ يەر پۇراۋاتقان قارا خوتەكنى
ئالدى پۇتى بىلەن قورسىقىدىن تۇتۇپ يەردىن
يۇلۇپ ئالدى ۋە ئۇنى پېقىرىتىپ تۇرۇپ پۈتۈن
مەھەللە ئاڭلىغىدەك قىلىپ ھۆركىرىدى:

— خوتەك!...

ئۇ ئېشەكنى ئۆزىدىن بەش - ئالتە مېتىر
يىراق يەرگە ئاتتى - دە، قاياققىدۇر يۈگۈرۈپ
كەتتى. ئۇ ئەتىسىدىن باشلاپ چايغانىغا ناشتا
قىلغىلى كەلمىدى.

— بوتىياۋاي كەلمەيدىغان بولۇپ قالدىيا؟

— بوتىياۋايمۇ؟ — دېدى زىمىن كۈلۈمسىرەپ، —
يېزىمۇ - يېزا سەييارە چېلىش قىلىپ يۈرگىدەك.
«مېنى باسقانغا ئەللىك كوي» دەپ ۋارقىراپ يۈر-
گىدەك. ھازىرغىچە، نۇرغۇن پالۋانلار چېلىشىپتۇ،

www.uyghurkitap.com

لېكىن ھېچكىم ئۇنىڭ ئەللىك كويىنى ئالالمايتتى. ناھىيىنى تولۇق ئارىلاپ چىقارمىش. ھەركۈنى قاۋۇل ياشلارنى ئىككى-ئۈچ كويدىن ياللىۋېلىپ چېلىش مەشق قىلىپ يۈرگەندەك.

— پاھ، بۇتياۋايزە، نام چىقىرىش ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىۋېرىدىكەن - دە!

— سەئىدنىڭ «گۈلىستانى»دا، — دەپ گەپ باشلىدى زىيىمن چاي ئوتلىغاچ،— مۇنداق بىر ھېكايەت يېزىلغانىكەن...

— قېنى، قېنى، كىتاب گېپىنى ئاڭلايلى.

— ھە، شۇنداق بولسۇن!...

لېكىن ئاڭلىغۇچىلار بەكمۇ ئىزدىقمىدى. سەۋەبى ئۇلار بۇتيانىڭ كالا ھۆركىرىگەندەك چىقىدىغان قوپال ئاۋازىغا كۆنۈپ قېلىشقان، ئەشۇ ئاۋاز بۈگۈن كەمچىل...

## 4

—چىقسۇن،مۆڭگۈزى بار،ئىككى بېشى بار پالۋان بولسىمۇ چىقسۇن!— دەپ ۋارقىرىدى بۇتياچېلىش مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يالىڭاچ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، ئىككى قولىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ.

كەڭ، قومۇق سەينادا دۈرە بولۇپ ئولتۇرۇشقان ئادەملەر ئارىسىدىن ماختاشلارمۇ، زوقلىنىش، ھوزۇرلىنىشلارمۇ، زاڭلىق - مەسخىرىلىك گەپلەرمۇ كەلمەكتە.

بىرلىرى بىلەن پەخىرلەنگەن، يەنە بىرلىرىدىگە غەزەپلەنگەن بۇتياۋاي خۇددى پاددىدىن ئايرىلىپ قالغان بۇقىدەك ھۆركىرەپ، ئۆز ھەيۋىسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن تۆت پۇتلۇق بولۇپ ئالقانلىرى بىلەن توپا تىلغاپ چاڭ چىقىرىپ قويدى ۋە يەنە ۋارقىرىدى:

— تەنتەربىيە① نىڭ پالۋانلىرى نېمىشكە چىقمايدۇ. قېنى ھېلىقى ئۇزۇنتۇرا چىماقچى؟ چاشقان تۆشۈكىگە كىرىپ كەتتىمۇ-يا ھا ھا!...

مەيدانغا ياچۇەگەدەك ئاۋاق، ئۇزۇنتۇرا ئالىۋاش دېھقان چۈشتى بۇتيا بۇقىدەك ئالايدى، ماي تارتتى - دە، يېلىپىزدەك ئېتىلىپ بېرىپ، رەقىبىنىڭ بويىنىدىن ۋە پاچىقىدىن ئالدى ۋە ئۇنى

مۈكىنى قاتلىغاندەك قاتلاپ قومۇق يەرگە دۈكلەتتى ۋە:

— ئىسمى قويۇلمىغان ئوخشايدۇ، ئاللاھۇ ئەكبەر ئىسمى ئالاقاغا بولسۇن!—دەپۋارقىرىدى ئۇ. مەيداندا قاتتىق كۈلكە كۆرۈلدى. كۈلكە بېسىلغىچە بۇتيا قەپەزدىن چىقىشقا ھەرىكەت قىلىۋاتقان يىرتقۇچتەك مەيداننى ئايلىنىپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

— بارمۇ؟ ئارماندا قالمىغىن ئاغىينە باللا!

پالۋان تاللىغۇچىلار يەنە بىر يېزىنىڭ پالۋىنىنى ئوتتۇرىغا ئەپچىقتى. بۇ پالۋان پاكار، كەڭ غوللۇق، پۇت - قوللىرى دىقماق، شاپ بۇرۇت ئادەم ئىدى.

بەللى، تويمىغانمىدىڭ قاسساپ! دېدى — بۇتيا تونۇش پالۋاننى كۈلكە بىلەن قارشى ئېلىپ،— سېنى بۇ قېتىم يار - يار چاقىدەك پىرقىرىتاي كەلگىن.

— يا...پىر، ھەزرىتى ئەلى! — دەپ ۋارقىراپ ئۇنىمۇ ھەش - پەش دېگىچە مۈرىسىگە ئېلىۋالدى بۇتيا. ئۇ رەقىبىنى مۈرىسىگە خورجۇندەك سېلىۋېلىپ لوكىلداپ قاتراپ مەيداننى بىر ئايلىنىپ چىقتى - دە، باھالىغۇچىلارنىڭ ئالدىغا ئەپكىلىپ راسا بىر پىرقىرىتىپ تىزلىنىپ تۇرۇپ رەقىبى، چىققان تەرەپكە قارىتىپ ئۆزىدىن بەش-ئالتە مېتىر نېرىغا كۈچ بىلەن ئاتتى.

مەيداندا چاۋاك، قىقاس كۆتۈرۈلدى:

— يەتتىمچى! — دەپ ۋارقىرىدى بۇتيا بىر سىقىم قۇم بىلەن ئالقانلىرىنى ئۇۋۇشلاۋېتىپ يەنە بارمۇ؟

— ھەرقايسى يېزىلار پالۋانلارنى مەيدانغا ئەپچىقايلى!— دەپ ۋارقىرىدى مەيدان باشقۇرغۇچى. لېكىن ئەمدى ھېچكىم چىقمىدى.

— بارمۇ - يوق؟ ئىختىيارىي چۈشىدىغانلار بولسىمۇ مەيلى!

— مەن بېرىسىنىشىپ باقاي!—مەيدانغا ئاللىداپ تىترەپ ۋىجىك، قاتاڭغۇر، بېلىدىك مۇسكۇللىرى

---

① تەنتەربىيە كومىتېتىنى دېمەكچى.

يورتۇپ چىققان يەردىن چۈشتى.

— خوتەك! — دەپ ۋارقىرىدى بۈتيا كۆزدىكە ئىلماستىن، — بىر ئۇچۇپ باقاي دەپسەن - دە!

ئۇلار بىر-ئىككى ئايلىنىشتى. بۈتيا «خوتەك»نى ئۇتۇش ئۇچۇن ئۆزىنى ئاتتى، «خوتەك» چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ قولتۇقىدىن چىقىپ كەتتى. بۈتيا «خوتەك!» دەپ ۋارقىراپ كەينىگە بۇرۇلۇشىغا پۇتىغا بىرنەرسە ئۇرۇلدى، بۈتيا مەيداننىڭ سىرتىغا قاراپ دۇمچىيىپ يۈگۈرۈپ بىر ئادەمنى ئۇسسۇپ تۆت پۇتلۇق بولۇپ توختاپ قالدى.

— خوتەك! — دەپ ھۆركىرىدى ئۇ غەزىپى بىلەن. بۈتيا رەقىبىگە غەزەپ بىلەن تاشلاندى، لېكىن قولىغا ھېچنەرسە چىقمايدىغان دەلدۈگىنىپ مۇدۈرۈپ قۇمغا تايىنىپ توختىدى. ئەمدى ئۇچالا ئۇق تەككەن شىردەك غالجىرلاشتى. چۈشىنىكسىز بىر نىمىلەرنى دەپ ۋارقىراپ «خوتەك»نى قوغلىدى. قىقاس - چوقان، چاۋاك، چاڭ-توزان كۆتۈرۈلدى. بۈتيا شۇنچىلىك غەزەپ بىلەن قوغلىسىمۇ «خوتەك» تۇتۇق بەرمىدى. بۈتيا ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ ھالىدىن كەتكىچە قوغلىدى، ئۇرغۇن قېتىم قول سوزدى، بىر نەچچە قېتىم «خوتەك» نى تۇتۇپمۇ ئالدى، لېكىن ئۇ بېلىقتەك «غىرت» قىلىپ قولىدىن چىقىپ كەتتى. بۈتيا قۇم - تەر ئارىلاشمىسى بىلەن خۇددى قاۋان تۇسىگە كىردى. ئۇنىڭ قوللىرى تولا يەر تايىنىپ قالدى، پۇتلىرى كالۋالاشتى. مانا شۇ چاغدىلا «خوتەك»نىڭ بەلبېغى ئۇنىڭ قولىغا كىردى. ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن بەلباغدىن تارتتۇيدى، بەلباغ بوشلا باغلانغان چېغى، ئۇگدىسىغا ئۇچۇپ چۈشتى. ئۇ ئورنىدىن ئۆمىلەپ قوپۇشىغا بىر بېلەك چاتادىن ئۆتكەندەك قىلدى - دە، بۈتيانىڭ پۇتلىرى يەردىن ئىككىدە كۆتۈرۈلدى. بۈتيا ھەش- پەش دېگۈچە پۇتلىرىنى پۇلاڭلىتىپ، قوللىرىنى ئارۋاڭ - سارۋاڭ قىلىپ «خوتەك»نىڭ ئوڭ مۈرىسىگە قورساقچىلاپ «مىنىپ» «خورجۇن» غا ئايلىنىپ قالدى. ئۇنى «خوتەك» شۇنداق پىرقىراتتىكى، كېچىكىدە دادىسى ئەركىلىتىپمۇ ئۇنى بۇنچىلىك پىرقىراتمىغانىدى. ئۇنىڭ بېشى قېيىپ يەرگە قانداق چۈشكىنىنى سەزمىدى.

ئەتىسى ئۇ ئۆيىدە ئارانلا مەدرىلىغىدەك ھالغا كەلدى. شۇنداقتىمۇ بويىنىنى قىمىرلىتالمىدى.

— نېمىلەر بولدى زىمىنباي؟ — دوستىغا بىچارىلەرچە پىچىرلىدى ئۇ، — مەن ساقمۇ - ئۆلۈكمۇ؟

— سىلى ساق، يەنە ئىككىنچى بولۇپ قالدىلا؟

— ياق، قوپۇپ ئالغان بولسام خوتەكنىڭ يولۇنىنى ئۈزۈۋېتەتتىم جۇما!

— يا ئاللا، خۇدا ساقلىسۇن، ھېلىمۇ ياخشى باشلىرى قۇمغا يېرىم مېتىر كىرىپ كەتكىنى ياخشى بوپتىكەن، بولمىسا قاتىل بولۇپ قالاتتىكەنلا بۈتياۋاي!...

مانا كەچكۈزمۇ كەلدى. چايخورلار ھەر كۈنى سەھەرلىكى ناشتا قىلىش ئۇچۇن ئارىنى يىراق كۆرمەي يول مېڭىپ چايخانىغا كېلىشىدۇ. ئۇ يەردە ئاجايىپ كۆڭۈل كۆتۈرۈلىدۇ. لېكىن ھازىر بۇخۇشۋاخ ئادەملەر ئارىسىدا بۈتيا بىلەن «خوتەك» يوق.

— بۈتياۋاي بارمۇ - ئۆلدىمۇ؟ — دەپ قوپال سوئال سورىدى مويسىپىت، — ئەجەب نام چىقىرىشقا ئامراق يىگىت ئىدى، مانا تازا نامى چىقتى.

بۈتيا ھايات، — دېدى مەنىلىك قىلىپ زىمىنباي، — ھەم ئۆلدى.

— بۇ قانداق گەپ؟

— روھى ئۆلدى، ئۆزى تىرىك، بۇرۇنقى تويمىغۇر بۈتيا ئۆلدى، قانائەتچان، گېپى، كۆڭلى يۇمشاق يېڭى بۈتيا ھايات.

— ئۇ نېمىشقا چايخانىغا كەلمەيدۇ ئەمىسە؟

— چايخانىدىن كۆڭلى قاپتۇ. ئۇ ھازىر بىزنىڭ كىتابخانىغا ئۆگىنىۋالدى. باش كۆتەرمەي كىتاپ ئوقۇيدۇ.

— ھىم، — دېدى مويسىپىت كۈلۈپ قويۇپ، — خوتەكتىن يىقىلغىنى ياخشى بوپتۇ - دە، تۆگىدىن يىقىلغان بولسا، يەرگە بوش چۈشەتتى. بەك چۈشكىنى بەلەن، ئىككىنچى خوتەك مىنىمەن دېمەيدۇ!

— بۇ ھەقتە «گۈلىستان»دا مۇنداق بىر ھېكايەت يېزىلغانىكەن.

— قېنى كىتاب سۆزىنى ئاڭلايلى!...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

## 1. سەپەر تەسىراتى ھەققىدە سۆز

مەن بۇرۇن چەت ئەللەرنىڭ، چەت ئەلدە ياشىغۇچى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ئەھۋالى ھەم تەبىئىي شارائىتى، ئۆرپ - ئادەتلىرى ھەققىدە ئوقۇشقا ۋە ئاڭلاشقا بەكمۇ قىزىقاتتىم، چەت ئەلگە چىقىش ئامىتىگە ئېرىشكەنلەرگە تولىمۇ ھەۋەس قىلاتتىم. گېزىت - ژۇرنال، كىتابلاردىن چەت ئەلگە چىققانلار تەرىپىدىن يېزىلغان ماقالىلەرنى تېپىپ قايتا - قايتا كۆرۈپ چىقاتتىم. دەرۋەقە، كېيىنكى كۈنلەردە چەت ئەلگە چىقىش پۇرسىتى ماڭىمۇ نېسىپ بولدى. 1984- يىلى جۇڭگو ياشلار مەتبۇئاتى ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدە چاۋشيەندە 16 كۈن زىيارەتتە بولۇپ قايتىپ كېلىپلا «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1985-يىللىق سانلىرىدا «چاۋشيەن تەسىراتلىرىدىن پارچە - پۇراتلار» سەرلەۋھىلىك ئۇلانما ماقالەمنى ئېلان قىلدىم. مۇشتەرىلەرنىڭ ئاغزاكى ئىنكاسلىرى ۋە خەتلىرىدىن مەلۇم بولدىكى ئۇلارنىڭ چەت ئەل ۋە چەت ئەلدىكى مىللەتلەرنىڭ قانداق ياشايدىغانلىقى ھەققىدە بىر نېمە بىلىۋېلىش ئارزۇسى مېنىڭكىدىن ھەسسىلەپ كۈچلۈك ئىكەن. ھالبۇكى ھازىر بىز نۇرغۇن ساھەدە دۇنياغا يۈزلىنىش شۇئارىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا دۇنيانى بىلىشكە ئىنتىلىش ئەلۋەتتە ياخشى ئەھۋاللار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا تېگىشلىك.

دۇنيانى بىلىشتە كىتابخانىلىرىمىز ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە جۇغراپىيە دەرسلىكىنى ئوقۇغان بولسىمۇ لېكىن بۇنداق دەرسلىكنىڭ ھەممە مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كېتەلىشى ناتايىن. شۇڭا بىزدە چەت ئەلگە چىقىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئاز - تولا سەپەر تەسىراتلىرىنى يېزىپ ئېلان قىلىپ تۇرسا ئىكەن دەپ ئويلاپمۇ قالىمەن. دەرۋەقە، پارتىيە 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئىچكى جەھەتتە ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈش، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغانلىقتىن چەت ئەللەر بىلەن ئىقتىساد، سودا، پەن - مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشى كۈنسايىن كۆپىيىۋاتىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىنمۇ كۆپلەپ كىشىلەر چەت ئەللەرگە چىقىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بەزى يولداشلار تەسىرات ماقالىلىرى ئېلان قىلدى، مانا بۇ ياخشى ئەھۋال.

يېقىندا ئۆتكەن يىلى دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن گوۋۇيۈەن تەشكىللىگەن جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۆمرە ھەج قىلىش، دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدە سەئۇدى ئەرەبىستانى،

پاكىستان، كۇۋەيت دۆلەتلىرىدە زىيارەتتە بولۇش جەريانىدا ئىمكان قەدەر تولۇق خاتىرە قالدۇرۇشقا تىرىشتىم، كۆپ سورىدىم، كۆپ ئاڭلىدىم. ئۆمەك ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن بۇ تىرىشچانلىق ئەلۋەتتە مۇشتەرىلەر ئۈچۈن سەپەر جەريانىدىن تولۇقراق، مۇكەممەلرەك بىر نەرسە تەقدىم قىلىش ئىستىكى ئارقىسىدا كۆرسىتىلدى.

سەپەردىن يانغىنىمدىن كېيىن نۇرغۇن كىتابخانىلار خەتلىرىدە سەپەر تەسىراتى توغرىسىدا جەزمەن بىر نەرسە يېزىشىم كېرەكلىكىنى ئەسكەرتتى، بەزى گېزىت-ژۇرناللارمۇ ئۆز مەتبۇئاتى ئۈچۈن ماقالە يېزىپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى. «خەۋەردارلىق بولمىسا، زىيالىقنىڭ نەئەتىۋا» دېگەن تەمسىلنى ھەر دائىم ئېسىمدە ساقلاپ يۈرۈيدىغان مەن، كىتابخانىلارنىڭ تۈرتكىسىگە ۋە ئەشۇ گېزىت ژۇرناللارغا چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتقاچ، ئەڭ بۇرۇنقى خەۋەردارىم «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈچۈن قولۇمغا قەلەم ئالدىم. چىن تەشەككۈرۈم ۋە ئەرزىمەس ماقالەم ژۇرنال رېداكسىيىسى، شۇنداقلا بۇ ژۇرنالنىڭ مۆھتەرەم مۇشتەرىلىرى تەرىپىدىن قوبۇل كۆرۈلگەي.

## 2. پاكىستاننىڭ دوستلۇقى

يولداش ئىسمايىل ئەھمەت باشچىلىقىدىكى بۇ ئۆمەك بېيجىڭدا بىرەر ھەپتىدىن ئارتۇقراق تۇرۇپ گوۋۇيۈەن ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ئۆمرە ھەج، دوستلۇق زىيارىتى توغرىسىدا بەرگەن يوليورۇقلىرىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن 1985 - يىل 11 - ئاينىڭ 18-كۈنى كەچ سائەت 6 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە پاكىستان خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ «بوئىن 707» تىپلىق ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ بېيجىڭدىن پاكىستانغا قاراپ يولغا چىقتۇق. ھېچ يەرگە قونماي 7سائەتكە يېقىن ئۇچقاندىن كېيىن پاكىستان ۋاقتى بىلەن شۇ كۈنى سائەت 12 دىن ئاشقاندا ئىسلامئابات ئايرودرومىغا قوندۇق. بۇ ئايرودروم كۆلىمى جەھەتتە ناھايىتى چوڭ بولۇپ چوڭ تىپتىكى ئايروپىلانلار چۈشۈپ، كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىكەن. بىز ئالىي دەرىجىلىك مېھمان كۈتۈش زالىدا دەم ئالغاچ چېگرىدىن كىرىش رەسمىيىتىنى ئادا قىلدۇق ۋە يەنە 2 سائەتكە يېقىن ئۇچۇپ كاراچى ئايرودرومىغا قوندۇق. بىز بۇ يەرگە كېلىپلا كاراچىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىمىزنىڭ ئىشخانا مۇدىرى، دۇنيا ئىسلام كونگرېسىنىڭ كاراچىدا تۇرۇشلۇق ئەمەلدارى خالىد ئىكرا موللاخان، دىنىي ۋازارەت ھەج ئىشلىرى ئىشخانىسىنىڭ ئەمەلدارى ئەشۋا ئەھمەد ئاببا س قاتارلىق ئەرباپلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق. بىز مانا مۇشۇ ئەرباپلارنىڭ ۋە ھۆرمەت قاراۋۇللىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا كۈندۈزدەك يورۇپ تۇرغان ئايرودروم يولىنىڭ ئەتراپىنى تاماشا قىلغاچ «تاج مەھەل» مېھمانخانىسىغا كېلىپ ئورۇنلاشتۇق. ھىندىستاندىكى مەشھۇر ئىسلام يادىكارلىقلىرىدىن بىرى بولغان «تاج مەھەل» مەسچىتىگە نام جەھەتتىن ئوخشاش بولغان بۇ مېھمانخانا شەھەر مەركىزىگە ئانچە يىراق ئەمەس يەرگە جايلاشقان ئىكەن. بۇ ھەيۋەتلىك مېھمانخانىنىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى ئۆزگىچە بولۇپ ئەتراپى قىشۇ - ياز گۈل ئېچىلىپ تۇرىدىغان مەنزىرە دەرەخلىرى بىلەن قاپلانغان ئىكەن. مېھمانخانىنىڭ كەينى تەرىپىگە ناھايىتى ئىخچام قىلىپ ياسالغان سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى، سېتكا توپ مەيدانى جايلاشقان بولۇپ، كۆل ئەتراپىدا ئۈچ، تۆت كىشىلىك ئورۇن ھازىرلانغان باراڭلىقلار ياسالغان ئىكەن. مېھمانخانىدا تۇرىدىغان غەيرى مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ ساياھەتچىلىرى ئۈچۈن ھەر كۈنى كەچلىكى مانا مۇشۇ كۆل بويىدا مۇزىكا، ناخشا كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلىدىكەن. ھەتتا بەزىلەر دېسكو، تانسا ئوينىشىدىكەن، بىراق بۇنداق پائالىيەت سورۇنىدا سىپىرتلىق ئىچىملىكلەر ئىچىلمىسە كېرەك.

ئەتىسى بىز كونسۇلخانا خادىملىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا كاراچىنىڭ شەھەر قىياپىتىنى ئېكسكۇر-

سىيە قىلدۇق. ئېكسكۇرسىيە داۋامىدىكى ئۈنجى تەسىراتىم شۇ بولدىكى، ئىككى مىليوندىن كۆپرەك ئاھالىسى بار بۇ شەھەرنىڭ كۆلىمى يەتكۈچە كەڭ ئىكەن، ھەر خىل گۈل دەرەخلىرى ۋە ئاكاتسىيە بىلەن ئىككى تەرىپى بارازانلاشتۇرۇلغان كەڭ يوللاردا ماشىنىلار بىر-بىرىنى قوغلاشقاندەك تېز سۈرئەت بىلەن مېڭىشىدىكەن، مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش ۋە ھۆررىيەت مەزمۇنى ئەپادە قىلىنغان ئۈچ خەنجەر خاتىرە مۇنارىسى ۋە باشقا ھەر خىل مەزمۇندىكى مۇنارىلار يوللارنىڭ ئۆتۈشمىلىرىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن. پاكىستاندا ئىشلىتىلىۋاتقان قاتناش قوراللىرىنىڭ مەن بۇرۇن كۆرگەن ۋە كېيىن كۆرگەن مەملىكەتلەردىكىگە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، بۇ يەردە شەخسىلەر ئىگىدارچىلىقىدىكى چوڭ-كىچىك ئاپتوموبىللار نەكىللىگەن قەلەي بىلەن كۆزنى ئالاچەكمەن قىلغۇدەك دەرىجىدە نەقىشلىنىدىكەن، بولۇپمۇ كىرا ئاپتوبۇسلىرى بىر قارىماققا ئېلان تاختىسىغا ياكى زىننەت بويۇملىرى ساقلىنىدىغان زور ساندۇققا ئوخشايدىكەن، ھەتتا ماي تۇڭلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىنزاۋۇزلارمۇ قايتا قوراشتۇرۇلۇپ كىشى ھەۋەس قىلغۇدەك دەرىجىدە بېزىلىدىكەن. بىراق ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى قاتناش شىركەتلىرىنىڭ چوڭ ۋە ئۇزۇن ئاپتوبۇسلىرى باشقىچە بىر دۇنيا ئىكەن. بۇنداق ئاپتوبۇسلارنىڭ داتلىشىپ، ئاجراپ كەتكەن قاڭالتىرلىرى لەپىلدەپ تۇرىدىكەن، ئۈستى تەرىپى ئوت كەتكەن ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە ئوخشاش ئوچۇق تۇرىدىكەن. بىز نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئەنە شۇنداق ئاپتوبۇسلارنىڭ ئۈستىدىن بېشىنى چىقىرىۋېلىشقانلىقىنى، ھەتتا نەچچە ئون كىشىنىڭ ئاپتوبۇس ئۆگزىسىگە چىقىۋېلىپ كۆينەكلىرىنىڭ پەشلىرىنى لەپىلدىتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. بۇ ئەھۋال بۇ يەردە قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ يېنىلا جىددىيلىكىدىن ياكى پاكىستانلىقلارنىڭ ئەشۇنداق قىلىشقا ئامراقلىقىدىن بولسا كېرەك.

بىزنىڭ زىيارەت قىلىپ پاكىستاننىڭ دۆلەت ئاتىسى مۇھەممەد جىننانىڭ مەقبەرىسىگە بارغان مەزگىلىمىز دەل چۈش ۋاقتىغا توغرا كەلدى. گۈمبەز شەكلىدە ياسالغان بۇ مەقبەرە شۇنچىلىك ھەيۋەتلىك ئىكەنكى، ئۇ ئەينەكتەك يالتىراپ تۇرغان تۆت چاسا كۆلچەكلەر ئارىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن. گۈمبەز ئىچىدىكى تۈچ رىشاتكا ئارىسىدا تۇرغان مۇھەممەد جىننانىڭ قەۋرىسى ئەتراپىدا پاكىستانلىق ۋە چەت ئەللىك زىيارەتچىلەر سانجاق-سانجاق تۇرۇپ كېتىشىپتۇ، بىز قەۋرە ئالدىغا بېرىپ ئىككى رەكئەت نامازغا سەپ راستلاپ تۇرغاندا نۇرغۇن پاكىستانلىق دوستلار پاراڭلىرىنى توختىتىپ بىز بىلەن بىللە سۈكۈتتە تۇردى. نامازدىن كېيىن بىزنى خاتىرە رەسىمگە چۈشۈشكە تەكلىپ قىلدى.

11-ئاينىڭ 20-كۈنى بىز مەسچىدى كوبىانى زىيارەت قىلدۇق ۋە بۇ كاتتا مەسچىتتە تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇدۇق. بۇ مەسچىت ئاڭلاشلارغا قارىغاندا پاكىستان دېڭىز ئارمىيىسى تەرىپىدىن مەبلەغ سېلىپ 1966-يىلدىن 1969-يىلغىچە بىر قانچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ياسالغان بولۇپ، غايەت زور گۈمبەزگە ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ مەسچىتنىڭ ئەمەلىي ئىشلىتىلىدىغان كۆلىمى 5532 كۋادرات مېتىر كېلىدىكەن. 22 مىڭ كىشى بىرلا ۋاقىتتا ناماز ئوقۇيالايدىكەن، مەسچىتنىڭ تورۇسلىرى ھەرە كۆنىكى شەكلىدە نەقىش چىقىرىپ ياسالغان بولۇپ، ئاۋاز قايتۇرۇش ئىقتىدارى ناھايىتى ياخشى ئىكەن. مەسچىتتە تۇرۇپ پىچىرلاپ سۈرە ئوقۇغاندىمۇ تەرەپ-تەرەپتىن ياڭغۇ بېرىدىكەن. مەسچىت ھويلىسى ياپ-يېشىل چىملىق مەيدان ئىكەن. گۈل دەرەخلىرى ئوتقاشتەك قىزىرىپ تۇرىدىكەن. تۆت چاسا كۆلچەكلەر سەنئەتلىك باراڭلار ئارىسىدا قۇياش نۇرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ كىشىگە جەزبىلىك تۈيغۇ بېغىش ئېتىدىكەن. بۇ مەسچىتتە پاكىستانلىق جامائەتلەر ۋە مەسچىت قارىمىقىدىكى

مەدرىس ئالىملىرى بىزنى خۇش تەبەسسۇم، قىزغىن سالام بىلەن كۈتۈۋالدى. ئايرىلىش ۋاقتىمىزدا ئۇلار جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىغا ئۆز سالامىنى ئالغاچ كېتىشىمىزنى ئۆتۈندى.

11-ئاينىڭ 21-كۈنى چۈشتىن كېيىن بىز دۇنيا ئىسلام كونگرېسى تەرىپىدىن زىياپەتكە تەكلىپ قىلىندۇق. زىياپەت مەيدانى كاراچى خەلقئارا مېھمانخانىسىنىڭ 10-قەۋىتىدە راسلانغان بولۇپ، بۇ يەرگە ھەر قايسى دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك كىشىلىرى، موپسىپىت، ئوتتۇرا ياش ۋە ياش دىنىي پائالىيەت ئەرباپلىرىدىن 120 دەك كىشى جەم بولغان ئىكەن. ئۇلار قىزغىن چاۋاك بىلەن بىزنى قارشى ئېلىپ يۇقىرىغا تەكلىپ قىلدى ۋە ئۆمەك ئەزالىرىنىڭ بوينىغا قىزىل ئەتىرە گۈلنى زەر يىپقا ئۆتكۈزۈپ تەييارلانغان چەمبىرەك ئېسىپ قويدى، زىياپەت ئۆتكۈزگۈچى تەرەپنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئۆمىكىمىزدىن شاڭخەيلىك مۇھەممەد ئەھەدى قۇرئان قىرائەت قىلغاندىن كېيىن سۆزگە چىقىشلار باشلاندى. ئۆمىكىمىز پاكىستاندا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە پاكىستاننىڭ زۇڭلىسى مۇھەممەدخان جۇنېجو دۆلىتىمىزدە زىيارەتتە بولۇۋاتقان بولۇپ بۇ ئەھۋال ئىككى مەملىكەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ خۇشال - خۇرام جەم بولۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى كەيپىيات ياراتقان ئىدى. پاكىستاننىڭ دىنىي ئەمەلدارى ئۆز سۆزىدە جۇڭگو پاكىستان خەلقىنىڭ ۋە دۆلەتلىرىنىڭ كۈندىن - كۈنگە راۋاجلىنىۋاتقان دوستلۇقىغا يۇقىرى باھا بەردى ۋە بۇندىن كېيىن ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ دوستانە بېرىش - كېلىشىنى راۋاجلاندۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۆمەك باشلىقى يولداش ئىسمايىل ئەھمەت سۆزگە چىقىپ، پاكىستانلىق دوستلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ مەملىكىتىمىزنىڭ تاشقى سىياسىتىنى شەرھلەپ ئۆتكەندىن كېيىن «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى، جۈملىدىن شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى پاكىستانلىق دوستلارنىڭ مەملىكىتىمىزدە زىيارەتتە بولۇشىنى قارشى ئالىدۇ، شىنجاڭ دەرۋازىسى پاكىستانلىق دوستلارغا ئوچۇق» دېگەندە مەيداندا گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرىدى، ھەتتا بەزىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى.

پاكىستان تەرەپتىن سۆزگە چىققانلار جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىغا تولۇق دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى بەرگەنلىكىگە مەدھىيە ئوقۇشتى. زىياپەت تامام بولغاندىن كېيىن پاكىستانلىق ئەر - ئايال ساھىپخانلار ۋە بىز ئىما - ئىشارەتلەر بىلەن دوستلۇق مەخسەتلىرىمىزنى ئالماشتۇرۇشتۇق. ئۇلار خاتىرە قالدۇرۇش ئۈچۈن بىزنى تالىشىپ يۈرۈپ فوتو ئاپارات ئالدىغا ئېلىپ بېرىشتى، ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن ساھىپخانلارنىڭ ھەممىسى بىلەن ئايرىم - ئايرىم سۈرەتكە چۈشەلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن ئەپسۇسلانغان ھالدا زىياپەت مەيدانىدىن ئايرىلدۇق.

پاكىستان خەلقى جۇڭگولۇقلار بىلەن بولغان دوستلۇقنى تولىمۇ قەدىرلەيدىكەن، ئۆزىنىڭ جۇڭگودەك دوستىنىڭ بارلىقىدىن پەخىرلىنىدىكەن. ئۆمىكىمىز ئەسلىدە پاكىستاندا رەسمىي زىيارەتتە بولماقچى ئەمەس ئىدى. جامائەت تەشكىلاتلىرىنىڭ مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئۆمىكىمىزنى دوستانە كۈتۈۋېلىشلىرى، ھەتتا مېھمانخانا خىزمەتچىلىرىنىڭمۇ بىزگە تۈرلۈك ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىشىپ دوستلۇق بىلدۈرۈشى يۇقىرىدىقى ئۇقۇمنى ئىسپاتلايدۇ. بىراق بىزنىڭ ئارىمىزدىكى قىسمەن كىشىلەرنىڭ پاكىستاننى ۋە پاكىستان خەلقىنى چۈشىنىشى ئانچە يېتەرلىك ئەمەستەك قىلىدۇ. مەن پاكىستانغا بارماستىن بۇرۇن بەزى كىشىلەرنىڭ پاكىستاننى تولىمۇ ئارقىدا قالغان، كەمبەغەل دېگەنلىكلىرىنى ئاڭلاپ قالاتتىم. بۇنداق قاراشلارنى ئەلۋەتتە ئەيىپلىگىلى بولمايدۇ. چۈنكى بۇنداق قاراشتىكى كىشىلەر ئۆزىمىزنى ئەڭ تەرەققىي قىلغان، باشقىلارنىڭ ھەممە نېمىسى مالىماتاڭ دېگەن تەشۋىقاتلار ئەۋج ئېلىپ كەتكەن 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن، ئەنە شۇنداق تەشۋىقاتلارنىڭ

تەسىرى تېخى تامامەن تازىلىنىپ كەتتى دېگىلى بولمايدۇ. پاكىستان ئىجتىمائىي تۈزۈم جەھەتتە بىزگە ئوخشىمايدۇ، ئەمما ئۇ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت نۇقتىسىدىن بىز بىلەن ئوخشاش. پاكىستاننىڭ ئۆز ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈچۈن كۆرسىتىۋاتقان بەزى تىرىشچانلىقلىرى بىزنىڭ ئۆرنەك قىلىشىمىزغا ئەرزىسە كېرەك. مەسىلەن: پاكىستان خەلقى مۇستەملىكە دەۋرىدە قوللىنىشقا باشلىغان ئىنگلىز تىلى ئاساسىدا بۇ بىر تىلنى پۇختا ئىگەللەشكە كۈچ چىقىرىپ ئوبدان ئۈنۈم ھاسىل قىلىپتۇ، پاكىستان-لىقلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىنگلىز تىلىنى بىلگەچكە ھەر يىلى چەت ئەلگە بىر قانچە مىليون ئەمگەك كۈچى چىقىرىدىكەن. بۇ ئەمگەكچىلەر چەت ئەلدە ھەر خىل كەسىپلەر بويىچە بىر قانچە ئاي، ھەتتا بىر قانچە يىل ئىشلەپ نۇرغۇن ئاشقى پېرېۋوت ئېلىپ قايتىپ كېلىدىكەن، مانا بۇ بىر ئەھۋالمۇ پاكىستانلىقلارنىڭ چەت ئەل تېخنىكىسىنى ئىگەللىۋېلىشتا، ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىگە چىقىش يولى تېپىشتا، دۆلەت بايلىقىنى كۆپەيتىشتە ئىجابىي رول ئوينايدىكەن. ئاھالىلارنىڭ شەھەرگە توپلىشىۋې-لىشىنىڭمۇ ئالدىنى ئالىدىكەن.

بىز كاراچىدا تۆت كۈن تۇرۇش داۋامىدا نۇرغۇن دوست تۇتتۇق ۋە چۈشىنىش ھاسىل قىل-دۇق، ئۇمرە ھەج ئەرتىپلىرىنى ئۆگىنىپ، تەييارلىقنى پۇختىلاپ، 11- ئاينىڭ 22- كۈنى چۈشتىن كېيىن 500دىن ئارتۇق يولۇچى سىغىدىغان ئىككى قەۋەتلىك «بوئىن 747» تىپلىق ئايروپىلان بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ جىددە شەھىرىگە قاراپ ئۇچۇپ كەتتۇق.

### 3. مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس جايى —— مەككىدە

بىز ھاۋا سەپىرىدە ئەرەب دېڭىزى ھاۋا بوشلۇقىدىن ئۆتۈپ، ئەرەب يېرىم ئارىلى ئاسمىنىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ جايدا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەچكە 12 مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتىن پەسكە نەزەر تاشلىغاندا يەر يۈزىدە ئۇيەر - بۇيەردە ئادەم ياشايدىغانلىقىدىن بەلگە بەرگۈچى چىراقلار تۈركۈملىرى كۆرۈ-نۈپ قالاتتى. چىراقلارنىڭ تىزىلىش شەكلىگە قاراپ نېفىت قېزىلىۋاتقان توچكىلارنى ياكى شەھەر-بازارلارنى قىياس قىلغىلى بولاتتى. كاراچى - جىددە سەپىرىمىزنىڭ ئاخىرىدىكى بىر سائەتتە قالغاندا ھەممەيلەن ئېھرام باغلاشقا ئۆتۈش قىلدۇق. بۇ ئۇمرە ھەج ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بەلگىلىمىلەرنىڭ بىرى ئىدى. بىز ھەش - پەش دېگۈچە ئايروپىلان خىزمەتچىلىرىنىڭ بىز ئولتۇرغان ئالاھىدە بۆلمىنىڭ چىراقلىرىنى ئۆچۈرۈپ شارائىت يارىتىپ بېرىشى ئارقىسىدا كىيىملىرىمىزنى يېشىپ، ئېھرام باغلاپ بولدۇق. ئېھرام دېگىنىمىز ھەر بىرى ئىككى مېتىردىن كېلىدىغان ئىككى پارچە ئاق رەخت بولۇپ، بىر پارچىسى بەدەننىڭ تۆۋىنىگە، يەنە بىر پارچىسى بەدەننىڭ يۇقىرىسىغا يۆگىلىدىكەن. ھەج ئېھرامى باغلىغاندا يىڭنە بىلەن تىكىلگەن كىيىملەرنى كېيىش مەنئىي قىلىنىدىكەن. بۇ قائىدىگە مۇۋاپىق، ئاياغلىرىمىزنىمۇ سېلىپ تاشلاپ، بېيجىڭدىن ئالاھىدە ئېلىۋالغان يەملىنىدىغان پىلاستىماسسا سەندەل كەش كىيىۋالدۇق. بۇ چاغدا ھەر بىر كىشىنىڭ خىيالى ئوبدانلا ھاياجانلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى. قائىدە بويىچە ئېھرام باغلىغاندىن كېيىنلا ھەجگە نىيەت قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. نىيەت قىلغاندىن باشلاپ تا ھەج پائالىيەتلىرى تۈگىگۈچە ھەج قائىدىلىرىگە قەتئىي رىئايە قىلىش كېرەك ئىكەن. ھەتتا يامان چاقچاق قىلىشىشقا، كۆڭۈلدە يامان ئىشلارنى ئويلاشقىمۇ بولمايدىكەن. ئۆمىكىمىزنىڭ نامى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۇمرە ھەج

قىلىش، دوستلۇق ۋە كىشىلەر ئۆمىكى بولغىنى ئۈچۈن ۋە مۇسۇلمان بولغىنىمىز ئۈچۈن دىنىي پائالىيەتلەرگە چىن كۆڭۈلدىن قاتنىشىش كېرەك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئېھرام باغلىغاندىن كېيىنلا ھەج نىيىتى داۋامىدا ئوقۇلىدىغان ئايەتنى ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدۇق. دەرۋەقە، بەزىلىرىمىزنىڭ بۇ ئايەتنى تۇنجى قېتىم ئوقۇشىمىز بولغاچقا تىلىمىزمۇ ئانچە قاملىشىپ بەرمىدى، تەلەپپۇزىمىز ئوخشاش بولماي قالدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن بىر يولۇچى (قايسى مىللەت ئىكەنلىكىنى ئۇقالمىدۇق، ئايروپىلاننىڭ ئالاھىدە بۆلمىسىدە بىز بىلەن بىللە ئولتۇراتتى) ئەشەددىيۇسكارلىق بىلەن بۇ ئايەتنى بىزگە باشلاپ ئوقۇپ بەردى. بىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئوقۇدۇق.

ئايروپىلانىمىز ھەش - پەش دېگۈچىلا تۆت سائەتلىك سەپەرنى تاماملاپ، جىددە شەھىرىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا كېلىپ پەسلەشكە باشلىدى. قىزىل دېڭىزنىڭ شەرقىغە ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان، سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ سودا - سانائەت ۋە دىپلوماتىيە مەركىزى بولغان بۇ شەھەر ئاسماندىن قارىغاندا شۇنچىلىك چوڭ ۋە شۇنچىلىك يورۇق ئىدى. قاتار كەتكەن چىراقلاردىن كەڭ ۋە تۈز كەتكەن يوللارنى، ئاقىرىپ تۇرغان بىنالارنى، ماشىنا توختىتىش مەيدانلىرىنى، ھەر خىل رەڭدە چاقناپ تۇرغان ئېلان تاختىلىرى ۋە ۋېۋىسكىلارنى خېلى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولاتتى. شۇ يەرنىڭ ۋاقتى كەچ سائەت توققۇزدا ئايروپىلان كۆلىمىنىڭ كەڭلىكى ۋە زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر بىلەن قوراللىنىش جەھەتتە داڭقى بار جىددە ئايرودرومىغا قوندى. بىز ئايروپىلان شوتىسىدىن چۈشۈپلا دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپى دوكتور ئابدۇللا نەسىف ۋە رەھمەتۇللا ئەپەندى بىلەن كۆرۈشتۇق. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئايرودرومنىڭ كاتتا بېزەلگەن ئالىي مېھمانخانىسىغا كىردۇق. ساھىپخانلار ئەرەب ئادىتى بويىچە بىزگە نەفىس چوگۇندا قايناتىلىدىغان ساپ - سېرىق ئەرەب قەھۋەسى كەلتۈردى. قىسقا سۆھبەتتىن كېيىن بىز ۋە ساھىپخانلار تۆت رەكەت نامازنى دوكتور نەسىف ئەپەندىنىڭ ئىماملىقىدا تامام قىلغاندىن كېيىن، ماشىنىغا ئولتۇرۇپ مەككە شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. جىددە بىلەن مەككىنىڭ ئارىلىقى 70 نەچچە كىلومېتىر بولۇپ ئاسفالىت يوللىرى ناھايىتى ئوبدان ياسالغان ئىكەن. كېلىدىغان ۋە كېتىدىغان ماشىنىلارنىڭ يوللىرى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىلگەن بولغاچقا، بىز چۈشكەن ماشىنا 140 نەچچە كىلومېتىر سائەت تېزلىك بىلەن ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتاتتى. چوڭ ھەجىمدىكى ئاقىرىپ تۇرغان ئېلان تاختىلىرى، يول كۆرسەتكۈچلەر، «مەككىگە غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ كىرىشى مەنئىي قىلىنىدۇ» دېگەن خەت يېزىلغان لوزۇنكىلار ۋە مۇساپە تاختىلىرى كۆزگە غىل - پال چېلىقىپ ئۆتۈپ كېتەتتى.

پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ تەلپۈنىدىغان مۇقەددەس جايى — مەككە شەھىرى ھەققىدە ئەقلىمگە كەلگەندىن تارتىپلا ئاتا - ئانامدىن ۋە ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەردىن ئاڭلاپ كەلگەن ئىدىم. كېيىنچە بۇ مۇقەددەس جاينى ۋە ھەرەمنى خەرىتىلەردىن، سۈرەتلەردىن كۆرۈپ ھەر خىل سۈپەت بىلەن كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىدىغان مەن، يەنە ئون نەچچە مىنۇتتىن كېيىنلا كەئبىنى تاۋاپ قىلىدىغانلىقىمنى ئويلىغىنىمدا ئۆزەمنى چەكسىز ھاياجان ئىلكىدە ھېس قىلاتتىم. يۈرىكىمنىڭ رىتىممۇ ئوبدانلا تېزلىشىپ قالغان ئىدى. چۈنكى بىر مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتى بىلەن كىممۇ مۇنداق شەرەپكە ۋە تەقەززالىققا گىرىپتار بولمىسۇن دەيسىلەر؟

ئامامى كىيىملىرىمنى سېلىپ تاشلاپ ئېھرام باغلىغاندىن كېيىن ئېھرامغا ئادەتلەنمىگەنلىك سەۋەبىدىنمىكىن، ئۆزەمنى يالىڭاچتەك ھېس قىلىپ، مۇشۇ ھالىتىم بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا پەيدا بولۇشنىڭ ئوڭايسىزلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىغان مەن مۇشۇ مىنۇتلاردا ھەممىنى ئۇنتۇغان ئىدىم.

20 مىنۇتلۇق سەپەردىن كېيىن بىز مەككە شەھىرىنىڭ تەۋەسىگە كىرىپ كەلدۇق. جىددىدىن مەككىگىچە بولغان ئارىلىقتا «مەككىگە مۇنچە كىلومېتىر قالدى» دەيدىغان كىلومېتىر كۆرسەتكۈچلىرى بولسا، مەككە تەۋەسىگە كىرگەندىن كېيىن «ھەرەمگە مۇنچە كىلومېتىر قالدى» دېگەن كۆرسەتكۈچ تاختايلار ھەر كىلومېتىر ئارىلىقتا بىردىن ئورنىتىلغان ئىكەن.

يول باشلىغۇچى ساقچى ماشىنىلىرى لاپ - لاپ قىلىپ نۇر چاقنىتىپ، چىقىراق كارنايلىرى بىلەن يول ئېچىش بۇيرۇقىنى بەرگىنىچە بىزنى ئۇدۇل ھەرەم مەسچىتىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا باشلاپ كەلدى. بىز ئالدىراشلىق بىلەن ماشىنىدىن چۈشۈپ، كەشلىرىمىزنى دەرۋازا يېنىدىكى ئاليۇمىنىدىن ياسالغان ساندۇقچىلارغا قويۇپلا ھەر خىل پەردىيوكسۇن چىراق ۋە سىمابلىق يۇقىرى ۋاتلىق چىراقلار بىلەن كۈندۈزدەك يورۇتۇۋېتىلگەن ھەرەمگە قەدەم تاشلىدۇق. مەخسۇس بەلگىلەنگەن باشلىغۇچىنىڭ باشچىلىقىدا ھەج ئايەتلىرىنى ئۈنلۈك ئوقۇپ، ئادەم دېڭىزىنى يېرىپ ئۆتۈپ ئۇدۇل كەئبە (قارا تاش) ئالدىغا كەلدۇق - دە، كەئبىنى مەركەز قىلىپ توختىماي ئايلىنىۋاتقان كىشىلەر توپىغا قوشۇلۇپ، ئايلىنىشقا باشلىدۇق. ھەج قائىدىسى بويىچە كەئبىنى تولۇق بىر قېتىم ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن كەئبىنىڭ بىر بۇرجىكىدىن چىقىپ تۇرغان ھەجرى ئەسۋەتنى بىر قېتىمدىن سۆيدۇق، شۇنداق قىلىپ يەتتە قېتىم ئايلىنىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ماقام ئىبراھىم (ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىزى چۈشكەن تاش بىر نەپىس ئەينەك ساندۇققا سېلىپ قويۇلغان جاي) غا كېلىپ، ھەج ئايەتلىرىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدۇق.

ئاندىن كېيىن سافا ۋە مەرۋە تاغلىرى ئارىسىدا يۈگرەشنى باشلىۋەتتۇق. ئارىلىقى تەخمىنەن يەتتە سەككىز يۈز مېتىر كېلىدىغان، گرانت تاشلىق ئىككى تاغ ئارىسىدا بېرىپ كېلىشنى بىر قېتىم بويىچە ھېسابلىغاندا يەتتە قېتىم يۈگۈردۇق، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەرەم مەسچىتىنىڭ مەخسۇس بۆلمىسىگە كىرىپ زەم - زەم سۈيى ئىچتۇق ۋە قائىدە بويىچە چاچلىرىمىزنى سىمۋول خاراكتېرىدە قىرقىتتۇق.

بايام ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم ھەرەمدە بولغانلىق ۋە ئۆمرە ھەج قىلغانلىقىمنىڭ خوشاللىقىدا ھەرەم مەسچىتىگە تەپسىلى سەپ سېلىشنى ئۇنتۇلغان ئىكەنمەن. يۇقىرىدىكى پائالىيەتلەردىن كېيىن ھەرەمدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ خىرۇستالدەك نۇرلىنىپ تۇرغان ھەيۋەتلىك مۇنارلارغا، ئىككى قەۋەتلىك مەسچىتكە سىنچىلاپ قاراپ چىقتىم. مەسچىتنىڭ تېگىگە تۆت چاسە تېبىشى مەرمەر تاشلار ياتقۇزۇلغان ئىكەن. ناماز ئوقۇيدىغان جايغا بولسا سەپتە تۇرۇش سىزىقى چۈشۈرۈلگەن رەڭدار گىلەملەر سېلىنىپتۇ. تام تورۇسلىرىمۇ، قوچاقتا پاتمىغىدەك نەقىشلىق تۈۋرۈكلىرىمۇ مەرمەردىن ياسىلىپتۇ. ھەجرى ئەسۋەتنى تاۋاپ قىلىدىغان كەڭ مەيداننىڭ ئۈستى ئوچۇق بولۇپ مىڭلىغان پرويېكسۇن چىراقلار بىلەن يورۇتۇلغان بۇ مەيداندا ھەج تاۋاپ قىلىۋاتقان نەچچە مىڭ كىشىلەر ئارىسىدىن يەر يۈزىدە بولغان ھەممە ئىرقلارنى، مىللەتلەرنى كۆرۈش مۇمكىن ئىكەن.

بىز يۇقىرىدىكى پائالىيەتلەردىن كېيىن رەخمىتۇللا ئەپەندى، مۇھەممەد سەئىد ئەپەندى قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا مەككە شەھىرىنىڭ شەھەر رايونىدىكى «Kontin Intinintal» مېھمانخانىسىغا قايتىپ بېرىپ ئورۇنلاشتۇق.

ئىككىنچى كۈنى ناشتىدىن كېيىن ئارپات تېغىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. ئارپات تېغى مەككىدىن 23 كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە بولۇپ، قارمۇ - قارشى يۆنىلىشلىك يۇقىرى سۈرئەتلىك ئاسفالت يول بىلەن ئون نەچچە مىنۇتتىلا يېتىپ چىقىپتۇق. بۇ تاغ ئۇيۇل گرانت تاشتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، دائىرىسى ئانچە چوڭ ئەمەسكەن. تاش پەلەمپەي بىلەن ئىككى مىنۇتتىلا تاغ چوققىسىغا

چىققىلى بولمايدىكەن. تاغ چوققىسىدا تىكلەپ قويۇلغان ئۈچ مېتىرچە ئېگىزلىكتىكى بىر تاش بولۇپ، بىز تاغ ئۈستىگە چىققاندا نۇرغۇن كىشىلەر بۇ يەردە ناماز ئوقۇۋېتىپتۇ. بىز ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ ۋە دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئارافات تېغىنىڭ يېنىغا جايلاشقان ئارافات مەسچىتىنى يىراقتىن تاماشا قىلىپ، خاتىرە رەسىمگە چۈشتۇق. بۇيەردىكى باتالىيدىغانلارنى تۈگىتىپ موزدەلىپە ۋە مىنا مەسچىتلىرىگە باردۇق.

مەككىدىن ئارافاتقىچە بولغان ئاسفالت يول ئۈچ لىنىيىلىك بولۇپ چەتتىكى قارىمۇ - قارشى ئىككى لىنىيە ماشىنىلار ئۈچۈن، ئوتتۇرىدىكى بىر لىنىيە پىيادىلەر ئۈچۈن ياسالغان ئىكەن. ھەر يىلى قۇربان ھېيتتىكى ھەج ۋاقتىدا 3 مىليونچە كىشى بىرلا ۋاقىتتا مەككىدىن ئارافاتقا قاراپ يولغا چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن، پىيادە مېڭىشنى خالىغانلار ۋە قاتناش ۋاسىتىلىرىگە ئېرىشەلمىگەن تاۋاپچىلار ئوتتۇرىدىكى پىيادىلەر يولىدىن ماڭىدىكەن. بۇ يوللارنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر قانچە كىلومېتىر ئارىلىقتا بىردىن تېببىي پونكىتلار بولۇپ، ھەج ۋاقتىدا مۇشۇ يولدىن ئۆتكەنلەر ئۈچۈن تېببىي ياردەم كۆرسىتىلىدىكەن. ھازىر سەئۇدى ئەرەبىستانى ھەج ئىشلىرى كومىتېتى ناھايىتى چوڭ مەبلەغ سېلىپ، ھەج ۋاقتىدىكى پىيادە ماڭغۇچىلارغا ئاسانلىق يارىتىش مەقسىتىدە ھەرەمدىن ئارافاتقىچە بولغان 23 كىلومېتىر پىيادىلەر يولىنىڭ ئۈستىنى بېتون بىلەن يېپىپ، مۇۋاپىق ھاۋا تەڭشەش ئۈسكۈنىلىرى بىلەن تەمىن ئېتىش ئىشلىرىنى باشلىۋېتىپتۇ. بىز ئارافاتقا چىققان كۈنلەردە بۇ يولنىڭ بىر قىسمى يېپىلىپ بولغان ئىكەن.

شەيتانغا تاش ئېتىش — ھەج پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى ئىكەن. ھەج ۋاقتىدا 3 مىليون كىشىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا بىر - بىرىگە يېقىن جايلاشقان چوڭ، ئوتتۇرا ۋە كىچىك شەيتانغا سىمۋول قىلىنغان ئۈچ كىچىك مۇنارغا تاش ئېتىشى نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ھازىر بۇ ئىشمۇ شەيتان مۇنارلىرىنىڭ ئۈستىگە بېتون بىلەن يەنە بىر قەۋەت يول ياسىلىش بىلەن ھەل قىلىنىپتۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا تاۋاپچىلار يەردە تۇرۇپ ۋە ئىككىنچى قەۋەت يولىدىن كېلىپ شەيتانغا تاش ئاتالايدىكەن. ئىككىنچى قەۋەتتىكى ۋورۇنكا شەكىللىك ئويمانغا تاشلانغان تاش ۋورۇنكىنىڭ كىچىك تەرىپى ئارقىلىق شەيتانغا تېگىدىكەن.

بىز ئارافات تېغىدىن قايتىپ، پېشىن نامىزى ئۈچۈن ھەرەم مەسچىتىگە كەلدۇق. ئەزان مىكروفون ئارقىلىق ئوقۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئاۋاز خېلى يىراقلارغىچە ئاڭلىنىدىكەن. بىرىنچى ئەزان چىقىشى بىلەنلا پۈتۈن ماگىزىنلار سودا - سېتىقلىرىنى توختىتىپ، ناماز ۋاقتى بولغانلىقىنى بىر - بىرىگە خەۋەر قىلىشىپ، يېقىندىكىلەر پىيادە ۋە يىراقتىكىلەر ماشىنىلىق ھالدا مەسچىتكە قاراپ ئاقىدىكەن. ھەرەم ئەتراپىدىكى ماشىنا توختاتقۇچىلىق يەرلەرنىڭ ھەممىسى ماشىنا بىلەن تولۇپ كېتىدىكەن. ھەرەم ئەتراپىدا ماشىنا مەيدانلىرى قىس بولغىنى ئۈچۈن ھازىر ھەرەمگە يېقىن يەردە ئالتە قەۋەتلىك بىر ماشىنا توختىتىش مەيدانى ياسىلىۋېتىپتۇ.

مەسچىت ئىچىگە زامانىۋى ئاۋاز چوڭايتقۇچىلار ئورنىتىۋېتىلگەن بولغاچقا ئىمامنىڭ ئاۋازى ناھايىتى ئېنىق ۋە دولقۇنلۇق ئاڭلىنىدىكەن. نەچچە ئون مىڭ ئادەم سىغىدىغان بۇ مەسچىت ناماز ۋاقتىدا بەكمۇ ھەيۋەتلىك تۈس ئالىدىكەن. بىز پېشىن نامىزىنىڭ پەرز، سۈننەت، ۋاجىپلىرىنى تولۇق ئوقۇغان بولساقمۇ يەرلىك كىشىلەرنىڭ پەقەت پەرزىنىلا ئوقۇپ مەسچىتتىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقى بىزنى ئەجەپلەندۈرمەي قالمىدى، كېيىن مەن بۇ ئەھۋالنى بىزگە ھەمرا بولۇۋاتقان رەخمەتۇللا ئەپەندىدىن سورىغىنىمدا ئۇ مەنىلىك قىلىپ: «بىر مۇسۇلماننىڭ ئەگەردە قىلىدىغان ئىشى بولمىسا

بىر سوتكىنىڭ 24 سائىتىنىڭ ھەممىسىدە ناماز ئوقۇسىمۇ مەيلى، ئەمما ھازىر ھەممە كىشىنىڭ قىلىدىغان يا ئوقۇشى، يا خىزمىتى بار» دەپ جاۋاب بەردى. رەخمەتۇللا ئەپەندىنىڭ ئاتىسى خوتەنلىك بولۇپ، ئۆزى ئەرەبىستاندا تۇغۇلغان ئىكەن. مەككىدىكى مەشھۇر ئۇممۇلقۇرا ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ يەنە بىلىم ئاشۇرغان، دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ خادىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن دىنىي قائىدىلەردىن مۇكەممەل ئاساسى بار ئىكەن. ئەرەب ۋە ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەشتىن سىرت، ئۇيغۇر تىلىنىمۇ خېلى پىششىق بىلىدىكەن. مەن ئۇنىڭدىن ھەرەمگە نامازغا كەلگەنلەر ئارىسىدا خېلى كۆپ كىشىلەرنىڭ يالاڭباشتاق ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتكىنىمدە ئۇ: «بېشىغا بىرنېمە كىيسە ياخشى، بىراق ھەر مىللەتنىڭ ئۆز ئالدىغا ئادىتى بار» دەپ جاۋاب قايتۇردى.

شۇنىڭغا ئوخشاشلا مەككىدە نامازغا ئەزان توۋلاۋاتقاندا توختاپ تۇرۇپ ئەزان تۈگىگەندىن كېيىن ئاندىن ماڭىدىغان ئەھۋال يوق ئىكەن. بىز شىنجاڭدىكى ئەھۋالنىڭ بۇيەردىكىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئېيتقىنىمىزدا بىزگە ھەمرا بولغۇچىلار كۈلۈپ قويدى - بۇ، بىرنېمە دېمىدى.

مۇشتەرىلەر ۋە بىز ئۆزۈمىزدىن بېرى ئاڭلاپ كېلىۋاتقان مەككىدىكى مۆجىزاتلارنىڭ بىرى بولغان زەمزەم قۇدۇقى ھەرەم مەسچىتىنىڭ ئىچىگە جايلاشقان ئىكەن. لېكىن ھازىر بۇ قۇدۇقنىڭ ئاغزى تۆت - بەش مېتىر چوڭقۇرلۇقتا بېتون بىلەن نەپىس ياسالغان يەر ئاستى زالىنىڭ ئىچىگە ئېلىنىپتۇ. قۇدۇق سۈيى ماشىنا بىلەن تارتىپ چىقىرىپ زال ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. يۈزلىگەن جۈمەكلەرگە تۇرۇبا ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلىدىكەن. زەمزەم سۈيى ئىچكۈچىلەر ئۈچۈن شارائىت ناھايىتى قۇلايلىق ئىكەن. قۇدۇق ئاغزى تۆمۈر رىشاتكا ئىچىگە ئېلىنغان بولۇپ ئۇ يەردە قوراللىق ئەسكەرلەرنىڭ ھۆرمەتتە تۇرغانلىقىنى كۆردۇق. مەسچىت ئىچىگە قويۇلغان يۈزلەپ پىلاستىماسسا ئىدىشلارغا زەمزەم سۈيى تولدۇرۇلۇپ تۇرىدىكەن. پاكىزە ئىستاكانلارمۇ قويۇلىدىكەن. ھەج تاۋاپىغا ۋە نامازغا كەلگەنلەر بۇ سوغۇق ۋە ئەتىۋارلىق سۇنى خالىغىنىچە ئىچەلەيدىكەن.

بىز نامازدىن كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان ئۆيىنى (ھازىر كۇتۇپخانا قىلىپ قايتا ياسىلىپتۇ) زىيارەت قىلغاندىن كېيىن مەككىنىڭ شەھەر مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىش ۋە ماگىزىنلارنى ئارىلاش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇق.

مەككە — تاقىر تاغلىق شەھەر بولۇپ، ئاھالىسى بىزگە ھەمرا بولغۇچىلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە 400 مىڭ ئىكەن. تاغلارنىڭ قاپتىلىغا ۋە ھەتتا تاغلارنىڭ ئۈستىگىمۇ ئون نەچچە قەۋەتلىك بىنالار سېلىنىپ كېتىپتۇ. تاغلار بىلەن تاغلارنى يەردىن كۆتۈرۈپ سېلىنغان قەۋەتلىك ستېربېتولۇق يوللار تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىكەن. يوللارنىڭ ئەگىملىرىمۇ ستېربېتولۇق ئىكەن. يوللاردا تولۇپ كەتكەن كىچىك ماشىنىلار يۇقىرى سۈرئەت بىلەن ئۆتۈشۈپ تۇرىدىكەن. بىر قەدەر كىچىكرەك بولغان ماگىزىنلار شەھەر ئىچىگە ۋە ھەرەمنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان ئىكەن. چوڭ ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ماگىزىنلار بولسا شەھەرنىڭ سىرتىدىراق ياكى بىر قەدەر چەترەك جايلاردا ئىكەن. چۈنكى شەھەر ئىچىدە ماشىنا توختىتىش مەيدانلىرى كەمچىل بولغىنى ئۈچۈن خېرىدارلارغا مەلۇم دەرىجىدە قولايسىزلىق بولىدىكەن. ھەر بىر ئائىلىدە كەم دېگەندە بىردىن كىچىك ماشىنا بولغاچقا شەھەر سىرتىدىكى چوڭ ماگىزىنلارغا خالىغان ۋاقىتتا بېرىپ سودا قىلىپ كېلەلەيدىكەن.

قارىغاندا مەككە شەھىرى يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بېرى كۆكەرتىلىۋاتسا كېرەك. سۇ مەسىلىسى بىر قەدەر مۇھىم مەسىلە بولغانلىقى ئۈچۈن يېشىللىق كۆزگە كۆپ چېلىقمايدىكەن. يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان دەرەخزارلىقلار ۋە چىملىقلار بارغانسېرى كۆپەيتىلىۋېتىپتۇ. بىراق شۇنداق

بولسىمۇ مەككىنىڭ شەھەر قىياپىتى كىشىگە بىر خىل يېقىملىق تۇيغۇ بېغىشلايدىكەن. چوڭ - كىچىك ماگىزىن ۋە باشقا دۇكانلارنىڭ ئىشىك - دەرۋازىلىرى رەڭمۇ - رەڭ نېئون چىراقلىرى بىلەن يورۇتۇلۇپ بېزەلمەيدىكەن. يول بويلىرى ياكى ئايلانمىلاردا خىلمۇ - خىل ھەيكەللەر، (ئادەمنىڭ ئەمەس) ئايلانما چىراقلار، ئاجايىپ كىنوتېئاترلىك شەكىللىرىنى ھاسىل قىلىدىغان تاش ئويمىلار بار ئىكەن. شەكىل چىقىرىپ سۇ پۈركەيدىغان فونتانلارمۇ بۇ شەھەرنىڭ بىر زىننىتى ئىكەن.

مەككە ئاھالىسى ھەپتىدە پەيشەنبە ۋە جۈمە كۈنى دەم ئالىدىكەن. ھەپتىنىڭ باشقا كۈنلىرى چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدىن كېيىن يەنە دەم ئالىدىكەن. كۈندۈزلىرى، بولۇپمۇ چۈش مەزگىلىدە سودا - سېتىقمۇ ئانچە قىزىمايدىكەن. نامازدىگەردىن كېيىنلا يوللاردا ئادەم كۆپىيىپ، دۇكانلاردىكى سودا جانلىنىپ كېتىدىكەن. ماگىزىنلار كېچە سائەت 12گىچە، ھەتتا بىرلەرگىچە تىجارەت قىلىدىكەن. كۈندۈزلىرى كۆزگە چېلىقمايدىغان قارا پەرەنجىلىك ئاياللارمۇ كەچ كىرگەندىلا ئەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا سودىلىقلىرىنى ئورۇنلايدىكەن.

بىز ئاخشاملىرى ۋە بەزىدە كۈندۈزلىرى تېلېۋىزور كۆرۈپ تۇردۇق. مەككىنىڭ تېلېۋىزىيە ئىشلىرى ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۈچ قانالدا بىرلا ۋاقىتتا ئاڭلىتىش بېرىدىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە بىر دولقۇن ئىنگلىزچە ئىكەن. تېلېۋىزور باشلىنىش بىلەنلا قۇرئان قىرائەت قىلىنىپ، تەپسىر ئېيتىلىدىكەن. ئاندىن باشقا نومۇرلار كۆرسىتىلىشكە باشلايدىكەن. بالىلارغا ئاتالغان پروگراممىلار، كىنولار، تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى كۆرسىتىلىدىكەن. باشقا ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئارتىسلىرى ئورۇنلىغان ناخشىلارمۇ بېرىلىدىكەن. سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ پۈتۈن تېلېۋىزىيە تورلىرى يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، مەككە ۋە مەدىنە مەسچىتىدە ئوقۇلغان جۈمە، ھېيت ۋە خۇتبە نامازلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بۇ مەسچىتلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان يىراقتىن باشقۇرۇلىدىغان رەسىمگە ئېلىش ئاپپاراتلىرى ئارقىلىق مەملىكەت بويىچە بىرلا ۋاقىتتا كۆرسىتىلىدىكەن، مەملىكەتنىڭ قايسىلا يېرىدە بولمىسۇن مەككە ۋە مەدىنە مەسچىتلىرىدە ئوقۇلغان نامازنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كەم دېگەندە كۈندە ئىككى قېتىم كۆرۈشكە بولىدىكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ھەممە ئائىلىلەردە دېگۈدەك سىنئالغۇ بار ئىكەن. بىز زىيارەت داۋامىدا جىددە ۋە باشقا شەھەرلەردە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كىرگۈزۈلگەن تېلېۋىزىيە، كىنو فىلىملىرى لېنتىلىرى سېتىلىدىغان چوڭ - چوڭ ماگىزىنلارنى كۆردۇق.

بىز سەئۇدى ئەرەبىستانى ۋە مەككىدە زىيارەتتە بولغان چاغلىرىمىزدا نۇرغۇن شىنجاڭلىق قېرىنداشلار بىلەن ئۇچراشتۇق. ئۇلار بىلەن يۇرت پاراڭلىرىنى سېلىشتۇق، ۋەتەننى سېغىنىشتۇق.

بىز مەككىگە يېتىپ بارغان ھامانلا تېلېۋىزور، رادىئو، گېزىتلەردىن ئۆمىكىمىز توغرىسىدا خەۋەردار بولغان مۇھاجىر قېرىنداشلار بىزنى ئىزدەپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى بۇرۇنقى چاغلاردا ھەج ۋە سودا ئىشلىرى بىلەن مەككىگە بېرىپ ئورۇنلىشىپ قالغانلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەن. بىر قىسمى بولسا شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ ھەج قىلىش ئۈچۈن مەككىگە بېرىپ تۇرۇپ قالغانلار ئىكەن. ئۇلار ھازىر سەئۇدى ئەرەبىستانى پۇقراسى سۈپىتى بىلەن ھەر خىل كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ خېلى ئوبدان تىرىكچىلىك قىلىۋېتىپتۇ.

ئۇلارنىڭ مەيلى چوڭى بولمىسۇن، كىچىكى بولمىسۇن ئوخشاشلا ئۆزلىرى تۇغۇلغان ياكى ئاتا - بوۋىلىرى تۇغۇلغان ۋەتەننى بەكمۇ سېغىنىدىكەن. ۋەتىنىنىڭ ھازىرقى ئەھۋاللىرىنى بىلگىسى كېلىدىكەن. ئۇلار پۇرسەت بولسىلا بىزدىن ئۇنى-بۇنى سوراشتۇردى. بىز پارتىيىمىزنىڭ دىنىي ئەركىنلىك سىياسىتىنى، ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈش، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى سۆزلەپ

بەرگىنىمىزدە ئۇلار خۇشال بولۇشتى. بىر قىسىم كىشىلەر يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ۋەتىنىنى كۆرۈپ قايتقانلار ئىكەن. ئۇلارمۇ ۋەتىنىمىزنىڭ ھازىرقى تەرەققىياتىدىن، سىياسىتىدىن رازى بولغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

بىز مەككىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تىلىنى ئۇنتۇپ كەتمىگەنلىكىنى، بولۇپمۇ شۇ يەردە تۇغۇلغان ياشلارنىڭمۇ ئۇيغۇر تىلىنى ئۆلچەملىك سۆزلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق. بىر كۈنى بىز چۈشكەن مېھمانخانىغا 40 ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشى بىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى. ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى شۇنچە ئوبدان سۆزلەيدىغانلىقىنى سەزگەن يولداش ئىسمايىل ئەھمەت ئۇنىڭدىن ئۇيغۇر تىلىنى قانداق ئۆگىنىۋالغانلىقىنى سورىدى. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «مەن مۇشۇ يەردە تۇغۇلغان. ئەمدى تىلىم چىقىشقا باشلىغاندا دادام ماڭا، ئەگەر ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىسەڭ ھەر كۈنى ساڭا يېرىم تەڭگە بېرىمەن، ئەگەر ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىمىسەڭ بەرمەيمەن، — دېدى. ئۇ چاغدا مەن ئۆز ئانا تىلىمىزنى ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتىنى تېخى بىلمىسەممۇ ئەمما دادامنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىۋەردىم. داداممۇ يېرىم تەڭگىنى بېرىۋەردى. ئەمدى ئويلىسام دادام شۇ چاغدا ئۆز ئانا تىلىمىزنى ئۇنتۇپ كەتمەسلىكىمىزنى مەقسەت قىلغان ئىكەن. ھازىرمۇ مەن باللىرىمغا قارىتا دادام ماڭا قوللانغان ئۇسۇلنى قوللىنىۋاتىمەن، باللىرىممۇ ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىدۇ» — دېدى. بۇ تەسىرلىك ھېكايىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ۋەتىنىگە، ئۆز ئانا تىلىغا قانچىلىك چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتۇق.

ئۆمىكىمىز سەئۇدى ئەرەبىستانىدا زىيارەتتە بولغان تۇنجى ۋەكىللەر ئۆمىكى بولغاچقا پائالىيەتلىرىمىز ھەر كۈنى دېگۈدەك گېزىتلەردە، رادىئولاردا، تېلېۋىزوردا خەۋەر قىلىنىپ تۇردى. ئۇ يەردىكى ۋەتەنداشلار مەيلى ئۇيغۇرلار بولمىسۇن، مەيلى تۇڭگانلار بولمىسۇن ھەر ئاخشىمى ئائىلە ئەزالىرىنى تېلېۋىزور ئالدىغا توپلاپ ئۆمىكىمىز ھەققىدە بىرەر خەۋەر بېرىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشىدىكەن. ئۆز قېرىنداشلىرىنى ئېكراندا كۆرگەندە خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي كېتىدىكەن. خەۋەر بېرىلمىسە تاكى تېلېۋىزور تۈگىگىچە كۈتۈدىكەن. بۇنى كېيىنچە بىز مەككىدە ئولتۇرۇشلۇق ۋەتەنداشلارنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىدۇق.

بىز يەنە مەككىدە مەشھۇر ئۇممۇلقۇرا ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئېكسكۇرسىيىدە بولدۇق. بۇ ئۇنىۋېرسىتېت سەئۇدى ئەرەبىستانى بويىچە تارىخى ئەڭ ئۇزۇن ئۇنىۋېرسىتېت ئىكەن. بۇ ئۇنىۋېرسىتېت قارمىقىدا 10 فاكۇلتېت ۋە ئىككى ئىنستىتۇت بار ئىكەن. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 40 نەچچە مىللەتتىن بولغان ئوقۇغۇچىلار ئوقۇيدىكەن. دىنىي دەرسلەرلا ئەمەس، تەبىئىي پەن فاكۇلتېتلىرىمۇ بار ئىكەن. بۇ ئۇنىۋېرسىتېت قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە 1 مىڭ 500 دىن ئارتۇق دوكتور، 15 مىڭدىن ئارتۇق ماگىستىر يېتىشتۈرۈپتۇ. غەيرى ئىسلام دۆلەتلىرىدىن كەلگەنلەرمۇ بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇش ياردەم پۇلىغا ئېرىشىدىكەن. ئۇنىۋېرسىتېتتا مۇكەممەل كۇتۇپخانا، زامانىۋى تەجرىبىخانىلار بار ئىكەن. ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى زامانىۋى بولۇپ، ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش تورى تۇرغۇزۇلۇپتۇ.

بىز يەنە مەككىدە ھەرەمدىكى كەئبە ئۈچۈن يوپۇق توقۇيدىغان بىر زاۋۇتنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق.

ئادەتتە كەئبىنىڭ ئۈستى غايەت زور قارا يوپۇق بىلەن يېپىلىپ، ئالتۇن يىپ بىلەن كۆپتۈرمە قىلىپ كەشتىلەنگەندىكى سۈرە چۈشۈرۈلگەن رەخت بىلەن سەل ئۈستۈنرەك توغرىسىغا يۆگىلىدىكەن. بۇنداق قارا يوپۇق ۋە كەشتىلەنگەن سۈرە رەخت بىزگە ھەمراھ بولغۇچىلارنىڭ ئېيتىپ

بىر دىنچە يىلىغا ئىككى قېتىم ئالماشتۇرۇلىدىكەن. بۇرۇن ئۆز تېگىدىن ئايەت خەتلىرىنى چىقىرىپ توقۇلىدىغان بۇنداق يوپۇق مىسىردا تەييارلىنىدىكەن. مىسىردىن بۇ يوپۇقنى مەككىگە ئېلىپ ماڭغاندا مىسىر خەلقى كاتتا ئۇزىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدىكەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇنداق يوپۇق مەككىدە توقۇلىدىغان بوپتۇ. يېرىم ئاپتوماتلاشتۇرۇلغان ماشىنىلاردا يوپۇق توقۇيدىغان، كۆلىمى ئانچە چوڭ بولمىغان بۇ زاۋۇتتا ئىككىلا سېخ بار ئىكەن. ئەمما بۇ زاۋۇت چوڭ ھۆرمەتكە ئىگە ئىكەن. بىزگە ھەمراھ بولغۇچىلار ياشانغان بىر كىشىنى تونۇشتۇرۇپ ئۇنىڭ سېخ مۇدىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بىز بۇ كىشى بىلەن پاراڭلاشقىنىمىزدىن كېيىنلا ئۇنىڭ ئەسلى يۇرتى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ يېتىملىقۇم دېگەن يېرى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتۇق. بۇ كىشى گەرچە قاغىلىقتىن كىچىك ۋاقتىدىلا چىقىپ كېتىپ، ئەرەبچە تىل ئىشلىتىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن «مەن قاغىلىقنىڭ يېتىملىقۇم دېگەن يېرىدىن» دېگەن ئۇيغۇرچە سۆزنى ئۇنتۇماپتۇ. ئېكىسكۇرسىيەمىزدىن كېيىن زاۋۇت مەسئۇلى ھەر بىرىمىزگە ئەڭ ئەتىۋالىق مېھمانلارغا بېرىلىدىغان خاتىرە بويۇمى— كەئبىدىن ئالماشتۇرۇلغان يوپۇقتىن بىر پارچىدىن بەردى.

بىز مەككىدە تۇرغان چاغلاردا 12 - ئاي كىرىپ قالغان بولسىمۇ تېمپېراتۇرا يەنىلا 30 گرادۇس ئەتراپىدا ئىدى، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ياز كۈنلىرى 45 گرادۇستىن يۇقىرى بولىدىكەن. ئەمما مەككىدە سانائەت كارخانىلىرى يوق دېيەرلىك بولغاچقا ۋە يېقىلغۇ ئۈچۈن نېفىت گازى ئىشلىتىلگەچكە، ھاۋا بۇلغانمىغان ئىكەن. ئارىلاپ يامغۇرمۇ يېغىپ تۇرىدىكەن. بىز تايىف شەھىرىدىن قايتىپ كېلىۋاتقىنىمىزدا بىر مەيدان قارا يامغۇرغا يولۇقتۇق.

دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى زىيارىتىمىزنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرغاچقا ھەر كۈنى ئىككى - ئۈچ ئورۇندا زىيارەتتە بولدۇق. قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە پائالىيەتلەر شۇنچە زىچ ئۇيۇشتۇرۇلسىمۇ كەيپىيات قىزغىن بولغاچقا ھارغىنلىق ھېس قىلمىدۇق. مەيلى باش كاتىپ نەسىف ئەپەندىنىڭ قوبۇلىدا بولمايلى، مەيلى مېھمانخانىدا بولمايلى ئۆزىمىزنى ئەركىن، ئازادە سەزدۇق.

بىز مەككىدە تۇرغان كۈنلىرىمىزدە بامدات نامىزىنى ئۆزىمىز تۇرغان مېھمانخانىنىڭ مەسچىتىدە ياكى ياتاقلىرىمىزدا ئوقۇغاندىن تاشقىرى، قالغان نامازنىڭ ھەممىسىنى ھەرەمدە دۇنيا جامائەتلىرى بىلەن بىللە ئوقۇدۇق. شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مەككىدىكى مېھمانخانىلاردا، چوڭ ماگىزىنلاردا، مەكتەپلەردە ناھايىتى نەفىس ياسالغان مەسچىتلەر بار ئىكەن. ھەر قانداق مەسچىتلەرنىڭ يېنىدا تەرەت ئېلىش ئورۇنلىرى (ئەلۋەتتە مەلۇم دەرىجىدە ئاپتوماتلاشتۇرۇلغان ۋە پاكىز) بار ئىكەن.

بىر كۈنى كەچتە مەككىدىكى مەدەنىيەت كلۇبىغا دوكتۇر ئابدۇللا نەسىفنىڭ لېكسىيىسىنى ئاڭلاشقا تەكلىپ قىلىندۇق. بۇ كلۇب مەدەنىيەت كلۇبى دېگەنگە لايىق كۇتۇپخانا، ساتراچخانا، ئاشخانا، يېمەكلىكلەر ماگىزىنلىرى ۋە دوكلات مەيدانلىرىدىن تەشكىل تاپقان ئىكەن. بۇ لېكسىيىگە مەككىنىڭ دوكتۇرلىرى، مۆتىۋەرلىرى ۋە ئىلىم ئەھلىلىرى قاتناشقان بولۇپ، ئالدى بىلەن نەسىف ئەپەندى لېكسىيە سۆزلىدى. لېكسىيىدە مۇسۇلمان ياشلىرىنىڭ ھازىرقى زامان ئىلىم - پېننى ئىگەللىشىنىڭ زۆرۈرلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر سۆزلەندى. كېيىن ھەر كىمگە ئىككى - ئۈچ ۋاراقتىن قەغەز تارقىتىلدى. لېكسىيىگە كەلگەنلەر بۇ قەغەزگە سوئال يېزىپ مىكرافون ئالدىغا كېلىپ ئوقىدى، نەسىف ئەپەندى ھەر بىر سوئالغا قانائەتلىنەرلىك قىلىپ جاۋاب بەردى. لېكسىيە مەيدانى ھەتتا مۇنازىرە مەيدانىغا ئايلىنىپ كەتتى. پەقەت دۇئا - تەكبىر، نامازلا بار دەپ قىياس قىلىنىپ

كەلگەن بۇ شەھەردە ئىلىم ـ پەن ئۈچۈن شۇنچە قىزغىن لېكسىيە ۋە مۇنازىرىلەرنىڭ بولۇپ تۇرىدىغانلىقى كىشىنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇردى. ئابدۇللا نەسىف پەقەت سەئۇدى ئەرەبىستانىدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا ئىسلام تەشكىلاتلىرى، مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا يۈكسەك ئابرويغا ئىگە كىشى بولسىمۇ، كىشىلەر ئۇنىڭغا دادىل سوئال قويۇپ جاۋاب ئالالايدىكەن. بۇ كىلوب لېكسىيە تامام بولغاندىن كېيىن، بىزنى تاماققا تەكلىپ قىلدى. ئۆز جايىنىڭ تىلىدا «بۇخارى» دەپ ئاتىلىدىغان پولو مېھمان كۈتۈشتىكى ئاساسىي تاماق ئىكەن. بۇنداق پولو ئەرەبىستانغا ئوتتۇرا ئاسىيادىن تارقالغان بولۇپ، ئۈستىگە گۆش بېسىلغان چوڭ بىر لىگەن پولونى يەتتە ـ سەككىز كىشى يەيدىكەن. بىراق بۇنداق پولوغا سەۋزە سېلىنماي، تەم تەڭشىگۈچى دورا ـ دەرمەكلەر بىلەن تەم كىرگۈزۈلىدىكەن. پولودىن كېيىن بانان، ئەپسىلىن، ئانار، ئۈزۈم قاتارلىق مېۋە ـ چىۋىلەر كەلتۈرۈلدى. بىز پولونى ۋە مېۋىلەرنى ئىشتىھا بىلەن يېگەندىن كېيىن ساھىپخانغا رەھمەت ئېيتىپ، مېھمانخانىغا قايتتۇق.

## 4. مەدىنە ۋە باشقا شەھەرلەرگە سەپەر

11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى قاتارلىق زاتلار بىز چۈشكەن بىر مېھمانخانىنىڭ زالىدا كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزدى. زىياپەتتىن كېيىن ھەرەمگە بېرىپ خوشلىشىش ھەج پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلدۇق ۋە جىددە ئايرودرومىغا يېتىپ كېلىپ ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن «ھاۋادىكى ئاپتوبۇس» تىپلىق چوڭ ئايروپىلان بىلەن مەدىنىگە قاراپ ئۇچتۇق.

20 نەچچە مىنۇت ئۇچۇپ مەدىنە ئايرودرومىغا يېتىپ كەلدۇق. مەدىنە ـ ئىسلام دىنىنىڭ يەنە بىر مۇقەددەس جايى بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ شەھەردە ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن نۇرغۇن پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ ھاياتىي پائالىيىتىگە ئائىت نۇرغۇن ئەستىلىكلەر، ئۆز ۋاقتىدا سالدۇرغان مەسچىتى ۋە ئۆيى مۇشۇ شەھەردە، ئۇنىڭ قەبرىسىمۇ مۇشۇ شەھەردە. بىز مەدىنىگە كېلىپ «ئەلنەخىل» مېھمانخانىسىغا ئورۇنلىشىپ بولغىچە بامدات نامىزىغا ئەزان چىقتى. بىز ھارغىنلىققا قارىماي دەرھال تاھارەت ئېلىپ مەدىنە مەسچىتىگە بامداتقا باردۇق. بۇ مەسچىتنىڭ كۆلىمى، ھەيۋىتى، جاھازلىنىشى جەھەتتە مەككىدىكى ھەرەمدىن چوڭ پەرق قىلمايدىكەن. ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، مەسچىت ئادەم بويى ئېگىزلىكتىكى رىشاتكا بىلەن ئىككىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، سول تەرىپى ئاياللار جىنىستىكى نامازخانلارغا، ئوڭ تەرىپى ئەر نامازخانلارغا تەئەللۇق ئىكەن. ئەر ـ ئاياللار ئورتاق بىر ئىمامغا ئىقتىدا قىلىدىكەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شەخسەن بەرپا قىلدۇرغان تۇنجى مەسچىت ۋە مەسچىتنىڭ يېنىدىكى خۇسۇسىي ئۆيى بۇ چوڭ مەسچىتنىڭ تۆرىدە جايلاشقان بولۇپ، ئۆي تۆمۈر رىشاتكا ئىچىگە ئېلىنغان ئىكەن. نامازدىن بۇرۇن ۋە نامازدىن كېيىن دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇسۇلمانلار ۋە يەرلىك مۇسۇلمانلار ئايەت ئوقۇغاچ بۇ ئۆينى ئايلىنىدىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەشۇ ئۆيىنىڭ ئىچىگە دەپنە قىلىنغاچقا بۇ يەرمۇ مۇقەددەس جايلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىكەن. مەدىنە بوستانلاشتۇرۇلۇش جەھەتتە مەككىدىن ياخشى بولۇپ، كەڭ كەتكەن خورمىلىق باغلار بار ئىكەن. شەھەر سودىسى خېلى راۋاجلانغان ئىكەن. كىشىنى خۇشاللاندۇرىدىغىنى شۇ ئىكەنكى ھەممە ماگىزىنلاردا ئىشلىگۈچىلەر ئاساسەن تۈركى تىل قوللىنىدىغانلار ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىز ماگىزىنلارغا كىرگىنىمىزدە تىل جەھەتتە ھېچبىر قىينالمىدۇق.

شۇ كۈنى كەچتە مەن ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى جۇماخۇن بىلەن بازار ئارىلاشقا چىقتۇق. تۇنجى قەدەمىمىزدىلا بىر سائەت دۇكىنى ئالدىدىن ئۆتۈپ قالدۇق. جۇماخۇن ئەرەپ دۆلەتلىرىدىكى ئەلچىخانىلىرىمىزدا بىر مەزگىل تۇرغان بولغاچقا، ئۇنى يا ئۇيغۇر يا بولمىسا ئۆزبېك دېدى. ئىككىمىز قىزىقىپ دۇكانغا كىرىشىمىزگىلا دۇكان ئىگىسى بىزنى ئورۇندۇقتا تەكلىپ قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ ئۆزبېك ئىكەنلىكىنى، بىزنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇشال بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ بىزگە چاي ئۇتتى. دۇكاندا بىز بىلەن قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ ئۆزىنىڭ خېلى چوڭ سائەت دۇكىنىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، مېنىڭ مانا مۇشۇنداق دۇكىنىمدىن ئىككى-ئۈچى بار. ئەھۋالىممۇ ياخشى، بەش مىللەتنىڭ تىلىنى بىلىمەن. لېكىن ۋەتەنسىزلىك يامان ئىكەن. ۋەتەنسىز بولساڭ پۇل-بايلىقىڭمۇ بىكار ئىكەن. بۈگۈن سىلەرنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇشال بولدۇم». كېيىنچە بۇ سۆز مەدىنىدە ياشىغۇچى يۇرتداشلارنىڭ ئورتاق قارىشى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. ئۇلار ۋەتىنىگە تەلپۈنىدىكەن ۋە ۋەتىنىنىڭ ھەر بىر مۇۋەپپەقىيىتىدىن خۇشال بولىدىكەن.

بىز ئەتىسى ئوھود تېغىغا كەلدۇق. ئوھود تېغى ئىسلام تارىخىدىكى مەشھۇر جەڭلەرنىڭ بىرى— ئوھود جېڭى بولغان جاي. ئوھود تېغى مەدىنە شەھىرىنىڭ بىر بېشىغا جايلاشقان بولۇپ كۆرۈنۈشىمۇ ئانچە چوڭ ئەمەسكەن. گىياسىز بۇ تاغ قاراتاشلاردىن تەركىب تاپقان ئىكەن. ئوھۇد تېغىنىڭ يېنىغا تام بىلەن دائىرە قىلىنغان قەۋرىستانلىقتا ئوھۇد جېڭىدە شېھىت بولغان 70 نەپەر كىشىنىڭ جەسىتى دەپنە قىلىنغان ئىكەن. لېكىن شېغىل ئارىلاش قارا تۇپراقلىق بۇ قەۋرىستانلىقتا ھېچقانداق قەۋرە ياكى خادا يوق ئىكەن. بىز بۇ شېھىتلەر نامىغا دۇئا قىلغاندىن كېيىن، ئىسلام تارىخىدىكى داڭلىق ئۇرۇشلاردىن بىرى— خەندەك جېڭى بولغان جايغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلىپ مەككىدىن مەدىنىگە كەلگەندە مەدىنە ئاھالىسى ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالغان ۋە بىللە ناماز ئوقۇغان مەسچىتنى زىيارەت قىلدۇق.

3- كۈنى مەدىنە دائىرىلىرى بىزنى سەئۇدى ئەرەبىستانى قۇرئان باسما مەركىزىگە باشلاپ باردى. قۇرئان باسما زاۋۇتى قۇرئان باسما مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەردە تولۇق ئاپتوماتلاشقان باسما ماشىنىلىرىدا ئۆلچەملىك قۇرئانلار بېسىلىپ تۈپلىنىدىكەن. ئۆلچەملىك قۇرئانلارنى تارقىتىش خىزمىتىنىمۇ مۇشۇ مەركەز ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىكەن. بۇ مەركەزدە يەنە قۇرئان قىرائىتى ئۈنئالغۇغا ئېلىنىپ ئاقما مەشغۇلات لېنىيىسى بويىچە يۈرۈشلەشكەن قۇرئان ئۈنئالغۇ لېنتىلىرى ئىشلىنىدىكەن.

بىز مەدىنىدە تۇرغان كۈنلىرىمىزدە مەدىنە شەھىرىنىڭ يۈز نەچچە كىلومېتىر نېرىسىغا، يەنى قىزىل دېڭىزنىڭ قىرغىقىغا جايلاشقان مەشھۇر نېفىت بازىسى— چۆلدە بەرپا قىلىنغان يېڭى شەھەر— يومبىغا زىيارەتكە باردۇق. ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە مەشھۇر «بەدىر غازىتى» بولغان بەدىردىن ئۆتتۇق. ئىسلام تارىخى ھۆججەتلىرىدە قاقاس چۆل دەپ تەسۋىرلەنگەن بۇ جىلغا ھازىر قەۋەتلىك بىنالار قەد كۆتەرگەن مۇھىم بىر بازارغا ئايلىنىپتۇ.

مۇشتەرىلارغا مەلۇم بولغايكى، بىز يومبا شەھىرىدە زىيارەتتە بولغان كۈنىنىڭ ئاخشىمى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ پايتەختى رىياد شەھىرىگە قاراپ ئۇچتۇق. يومبىدا كۆرگەن نېفىت سانائىتى مۆجىزاتلىرىنى ۋە رىياد قاتارلىق شەھەرلەردىكى كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىمىزنى مۇشتەرىلارنىڭ چارچاپ قالماسلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، مەزكۇر ژۇرنالنىڭ كېيىنكى سانىغا قالدۇردىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com




# ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى نوروز بايرىمى

جۇنەيد بەكرى

نوروز بايرىمى — ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە، ئومۇمىيۈزلۈك تەنتەنە ۋە دەبدەبىلىك ئۆتكۈزۈلىدىغان قەدىمىي ۋە ئەنئەنىۋى مىللىي بايراملىرىدىن بىرى. بۇ بايرام شەمسىيە (كۈن) كالېندارى بويىچە يىل ئاخىرلىشىپ يېڭى يىل كىرىش كۈنى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ، ئەسلىدە يېڭى يىل بايرىمى بولۇپ، كېچە بىلەن كۈندۈز ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن تەڭلىشىدىغان، مىلادىيە كالېندارى بويىچە 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

يەرنىڭ كۈن ئەتراپىدا ئايلىنىشى بىلەن تۆت دەۋر ھاسىل بولىدۇ: بىرى، كۈننىڭ قىسقارغان ۋاقتى (12 - ئاينىڭ 22 سى)؛ ئىككىنچىسى، كۈننىڭ تازا ئۇزارغان ۋاقتى (6 - ئاينىڭ 22 سى)؛ ئۈچىنچىسى، كۈزلۈك كۈن - تۈننىڭ تەڭلەشكەن ۋاقتى (9 - ئاينىڭ 22 سى)؛ تۆتىنچىسى، باھارلىق كۈن — تۈننىڭ تەڭلەشكەن ۋاقتى (3 - ئاينىڭ 22 سى)؛ نوروز بايرىمى دەل مۇشۇ كۈنى بولىدۇ.

نوروز — قىش - زىمىستان تۈگەپ، پۈتۈن تەبىئەت ئويغانغان، قار - مۇز ۋە توڭلار ئېرىپ ئەگىزلەر ۋە ئېرىق - ئۆستەڭلەردە سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىشقا باشلىغان، دېھقانلار ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا كىرىشىدىغان گۈزەل باھار پەسلىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ، نوروز قوشاقلىرىدا مۇنداق مەدھىيىلەنگەن:

نوروز كەلدى جاھانغا، باھار بولۇر كۈندۈر بۇ كۈن،
دەرەخلەرگە سۇ يۈگۈرۈپ، بىخ ئۈرۈر كۈندۈر بۇ كۈن.
دېھقانلار قوشنى ھەيدەپ، ئۇرۇق ساچۇر كۈندۈر بۇ كۈن،
كۆچەت ۋاقتى، ئولاق ۋاقتى ئىشلەيدىغان كۈندۈر بۇ كۈن.
ئىش بېشى، سائەت كۈنى ئامبار تولار كۈندۈر بۇ كۈن.

نوروز كەلدى جاھانغا، جاھان بولۇر ئەرزانلىق،
ياغىدىلەر ئابى نىسان ① بۇغدايلار بولۇر دانلىق.
ئاچ - ئورۇق ھەم كەمبەغەل بارچىسى بولۇر نانلىق،
نانغا تويۇپ ھەر گاداي ئۆيىدە قىلدۇر خانلىق.
توخۇلار تۇخۇم باسىپ، چۈجىلەر كۈندۈر بۇ كۈن.

كەلدى نوروز يىل باشى، كەتتى كۆڭۈلنىڭ چىركىنى،
نوروز دىبان كېلۇرلەر خاتۇنلەرنىڭ تۈركىنى،
گۈللەر قىسىپ، قىز - ئوغۇل ئەگرى قويار بۆركىنى،

① ئابى نىسان — باھار يامغۇرى، نوروز تامىقىمۇ شۇنداق دەپ ئاتىلىدۇ.

مېلىس(1) قىلىپ ئوينىشار ئاچۇر كۆڭۈل مۈلكىنى،
قايغۇ-مېھنەتلەر كېتىپ، ياپراشۇر كۆزىدۇر بۇ كۈن.

بۇنىڭدا ئاساسەن كونا يىلنى ئۇزىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىش، يېڭى يىلنى قۇتلۇقلاپ، خۇشال - خۇرام قارشى ئېلىش بىلەن بىرگە ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا تەييارلىق كۆرۈپ، ئاسايىشلىق ۋە توقچىلىق بولۇش مەقسەت قىلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى يېڭى يىلنىڭ بېشى قانداق باشلانسا، شۇنداق ئاخىرلىشىدۇ دېگەن كونا قائىدە بويىچە بۇ كۈننى بەك ئۇلۇغلايدۇ. بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، ياخشىلىق، خۇشاللىق، سەخىلىق ۋە باياشاتلىق بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. تۆۋەندىكى نورۇز قوشىقىدا بۇ نۇقتا ئېنىق سۈرەتلەنگەن:

كەلدى نورۇز يىل بېشى يوقتۇر بۇنىڭ تەڭدىشى،
نورۇز بولغان كۈنىدىن ئېتىمدا قىلسا ئىشى،
ھېچ ۋاقىت زايا ئەمەس، ئۇشبۇ كۈن قىلغان ئىشى،
مۇرادى ھاسىل بولۇپ، مەقسىدىگە يېتەر كىشى،
ھەممە ئىشنىڭ ئەۋۋىلى غايەت مۇبارەكتۇر بۇ كۈن.

كەلدى نورۇز يىل سېلىنىڭ سويغان قوينىڭ يېغىدا،
ئادەملەرنى چاقىرىڭ ئولتۇرغۇزۇڭ ئايۋاندا،
نازۇ - نېمەت تولدۇرۇڭ مېھمانلارنىڭ ئالدىدا،
ئالدىدا دۇئا ئېلىڭ ياد ئېتىپ پىر ھەققىدە،
ئاشلىرىڭ ئوبدان بولۇر ئېتىمدا كۈندۇر بۇ كۈن.

بەھۇزۇر كەيىپ سۈرۈپ، ياپىرسۇن مېھمان بۇ كۈن.

كەلسە مېھمان ھويلا - ئارامدا ھېچ ئەخلەتنى
كۆرمىسۇن،
بالا-چاقا، مال - ۋاران قىلغان تېزەكنى كۆرمىسۇن،
ھېچنەرسىدە نا خۇشلۇق مېھمانلارغا يەتمىسۇن،
بەرگەن تائامىڭنى يېسۇن، ھالاۋەتتە ئولتۇرسۇن،
ھەممىدە خۇشنۇد بولۇپ، خۇشلۇق بىلەن كەتسۇن
بۇ كۈن.

ئومۇمەن بۇ كۈندە خۇشاللىق ئاساسىي ئورۇنغا قويۇلۇپ، كىشىلەرگە ياخشىلىق ۋە ساۋابلىق ئىشلارلا قىلىنىدۇ. يامان ئىشلار، كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىدىغان، كىشىگە ئازار بېرىدىغان ئىشلار قىلىنمايدۇ. بايرام ئىنتايىن مېھماندوستلۇق بىلەن ئۆتكۈزۈلىدۇ. نورۇز بايرىمىنى ياخشى ئۆتكۈزۈش ھەر بىر ئائىلە ئۈچۈن شەرەپ ھېسابلىنىدۇ.

كەلدى نورۇز يىل بېشى، كۆپ سائادەتتۇر بۇ كۈن،
كىم قىلسا نورۇزلۇق كۆپ ئىبادەتتۇر بۇ كۈن،
نورۇزلۇقنى قىلماقلىق كۆپكە ئادەتتۇر بۇ كۈن،
تەجرىبە قىلساڭ ئىدگەر كۆپ ئالامەتتۇر بۇ كۈن،
ئۆيدىن - ئۆيگە ھېيتلىشىپ، مېھمان بولۇر
كۈندۇر بۇ كۈن.

نورۇز بايرىمى ھەرقايسى جايلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدۇ. كۆپىنچە جايلاردا، بىر يۇرت ۋە ياكى بىر مەھەللىنى ئاساس قىلغان ھالدا، كۆپچىلىك ئۆز ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارىي بويىچە باراۋەت (يىغىش) قىلىپ قوي، گۆش، گۈرۈچ، ياغ، سەۋزە قاتارلىق ئاماداللارنى ھازىرلاپ، چوڭ مەسچىت، مازار، سەيلىگاھ، كەڭتاشا سورۇن، يېزا بازارلىرى، تاغ - دەريا بويلىرىدىكى مەنزىرىلىك جايلارغا بېرىپ، كوللېكتىپ ھالدا داش قاينىتىپ، ياكى نورۇز تامىقى ئېتىپ، نەزىر - نۇزرەت ئۆتكۈزىدۇ. ياشانغان تەقۋادارلار تۆۋە - ئىستىغپار ئېيتىشىدۇ. ئوتتۇرا ياش ۋە ياشلار سەيلە قىلىپ، ۋەگ-دىشىپ كۆڭۈل ئېچىشىدۇ. بەزى جايلاردا، كەڭ-تاشا بىر جاينى سەيلىگاھ قىلىپ، ھەممە شۇ جاي-

شۇ ئەقىدە بويىچە بايرامنى ئىنتايىن باياشات ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىدۇ. نورۇز بايرىمى ئالدىدا كىشىلەر مۇھىت تازىلىقى قىلىدۇ. ئۆي-قورولىرىنى ۋە ئىشىك ئالدى، كوچىلارنى تازىلايدۇ، پاكىزە كىيىنىدۇ. نورۇز بايرىمىنىڭ ئالدىدىكى تازىلىق، نورۇز قوشاقلىرىدا مۇنداق ئىپادە قىلىنىدۇ.

كېڭىزلەرنى قېقىشتۇرۇپ ئۆيلەرنى قىلغىن يورۇق،
بولۇڭلاردا قالمىسۇن پايتىما، ئەسكى چورۇق،
بولسۇن مۇھىت پاكىزە، ئەخلەت-چاۋادىن ئەسەر يوق،
كەلسە مېھمانلار كۆرۈپ، كۆڭۈللىرى بولسۇن ئوچۇق،

(1) مېلىس — قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر يەرگە يىغىلىپ، كۆڭۈل ئاچىدىغان مىللىي ئويۇنلىرىدىن بىرى.

www.uyghurkitap.com

غا تويلىنىدۇ، ھەر بىر ئائىلە ئۆز ھالىغا قاراپ، بىرەر قازان تاماق ياكى بىرەر داستىخان، بىرەر تاۋاق تاماق، پوشكال، نان، سامسا قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى تەييارلاپ، كۆپچىلىك يىغىلغان سورۇنغا ئەكىلىدۇ، بۇنىڭدىن جامائەت بەھرىمەن بولىدۇ. ئاندىن ھەر خىل پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بەزى جايلاردا، بۇنى ئادەتتە زاراخەتمە ياكى ساراخەتمە دەپمۇ ئاتىشىدۇ. گاھى جايلاردا، پۈتۈن يۇرت خەلقى ئېگىز چاقلىق ياردىيا ھارۋا، كۆتەك ھارۋا، تۆمۈر ھارۋا، مەيىلەرگە چۈشۈپ ياكى تۆگە، ئات، ئېشەك، كالا، قوتاز قاتارلىق ئۇلاغلار بىلەن خۇددى كۆچۈنۈپ چىققاندەك قازان - قومۇچلاردىن تارتىپ ئېلىپ، يۇقىرىدىقىدەك كەڭتاشا، مەنزىرىلىك جايلارغا بېرىپ، ئۆز ئالدىغا چېدىر - بارگاھلارنى تىكلەپ ۋە كەپە - ساتىملارنى تىكىپ ئورۇنلىشىدۇ. نەغمىكەش - سازەندىلەر ۋە ئومۇمەن سانائىي نەپىسە ھەۋەسكارلىرى ھەر خىل داقا - دۇمباق، ناغرا - سۇناي، داپ، دۇتار قاتارلىق سازلارنى ئاپىرىدۇ. ھەر خىل تىجارەتچىلەر، كاۋاپچىلار، سامسىپەز، ناۋاي، ئاشپەزلەر، ياپمىچىلارمۇ بېرىپ، ۋاقىتلىق ياپما ۋە دۇكانلارنى ئېچىپ تاپاۋەت قىلىدۇ. نورۇزدا چوڭ قازاندا بۇغداي كۆجە ۋە ئۇماچتىن ئىبارەت نورۇز تامىقى ئېتىلىدۇ. شۇنىڭدەك مېۋە - چېۋە، سامساق، جىگدە، سېبىدقىياغ، گۆش، قوينىڭ كاللىسى، سىركە قاتارلىق يەتتە نەرسىنى سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىسى ھەممەيلەن ئىچىدۇ. بۇ «ھەپتە سالام سۈيى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خۇددى رۇسلارنىڭ يېڭى يىل بايرىمىدا ئۈچەي، قېرىن، پاقالچەكلەرنى پىشۇرۇپ يېيىش ئادىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا سەيلىگاھقا بارغان ئائىلىلەر ھەممىسى دېگۈدەك ئۆز كەپىلىرىدە تاماق تەييارلايدۇ. مۇنداق تاماقلار بىر ۋاقىت ئىچىدە (ئاساسلىقى چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا) تەييار بولىدۇ. بۇ تائاملار ئۇيغۇرلاردا دائىم ئىستېمال قىلىنىدىغان پولو، مانتا، ناردىن چۆپ، شويلا، بەتتە، چۆچۈرە، جۇۋاۋا، سامسا، سامبۇسا، ئۇگرە ئاش، گۆش - شورپا، ئۆپكە - ھېسىپ، ئاقئاش، ئاتلا، قويماق، پوشكال ۋە ھەر خىل نان - توقاچلاردىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ ئەسنادا، ئومۇمىي بىر جاكا بىلەن كەڭ بىر چەمبىرەك شەكلىدە سورۇن ھاسىل قىلىنىپ، كۆپچىلىك شۇ دائىرە بويلاپ ئولتۇرىدۇ. بۇنداق سورۇندا خاھى شاھ، خاھى گاداھ بولسۇن ئۆز نۆۋىتى بويىچە سورۇنغا كىرىپ، رەت بويىچە ئورۇن تۇتۇپ ئولتۇرىدۇ. يۇمىلاق دائىرە ئىچىدە بىر - ئىككى مېتىردەك يەر ئىشىك ئورنىدا بوش قالدۇرۇلىدۇ. ھەر بىر ئائىلىدىن بىر ۋدراقى كەلتۈرۈلگەن تائام ھېلىقى ئىشىك ئارقىلىق بىر ۋدراقى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا تارتىلىدۇ. بۇ كەلتۈرۈلگەن تائام مەيلى ئەڭ ئىسىل تاماق بولسۇن ياكى ئاددىي تاماق بولسۇن كىمنىڭ ئالدىغا قايسى تاماق توغرا كەلسە، شۇ تاماق تارتىلىدۇ. ھېچكىم تاماق تاللىمايدۇ ۋە تاللىماسلىقى كېرەك. تاماقتىن كېيىن ئادەت بويىچە دۇئا قىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىشقا بەرىكەت ۋە سۇ تەلەپ قىلىنىدۇ. تېرىلغۇ ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋاللىرى ئۈستىدە مۇزاكىرىلەر بولىدۇ. ئاندىن تۇغقان چېيى باشلىنىدۇ. بۇ، نورۇز چېيى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدا ئۇرۇق - تۇغقانلار، تونۇش - بىلىشلەر بىر - بىرىنىڭ داستىخانلىرىغا بېرىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا مېھمان بولۇشىدۇ. بۇنىڭدا بىر - بىرىدىن ھال سورىشىپ، ئۆزئارا ئەھۋال ئېيتىشىدۇ. ئۆزئارا قۇدىلىشىش، سودا - سېتىق ۋە باشقا ئىشلار ئۈستىدە پاراڭلىشىدۇ. ئاندىن ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى باشلىنىدۇ.

## نورۇز بايرىمىدىكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى

بۇنداق پائالىيەت ۋە ئويۇن - تاماشىلار بىر قانچە جايدىكى سورۇندا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئويۇن - تاماشا تۈرلىرى ھەر خىل بولىدۇ. بۇ تاماشىلار نورۇز قوشاقلىرىدا مۇنداق ئىپادىلەنگەن:

كەلدى نورۇز يىل بېشى، ئەلدە تاماشا ئاردىلاش،
بولدىلەر راھەت جاھان، يوق بولدى جاپا ئاردىلاش،
كوچىدا قىلدى گاداھ، شاھلار تاماشا ئاردىلاش،
ئوينىدى پومزەك ئوغۇل، لەگلەكنى قىزلار ئاردىلاش،
بارچە خۇشلۇق يېتىپ كەلدى، تاماشالار كۆپ بۇ كۈن.

بۇ يەركە يۇرت- يۇرتلاردىن ئاتاقلىق دارۋازلار، پالۋان - مەركەنلەر، ئوۋچىلار، قۇشچىلار، چەۋەندازلار، ئوغلاقچىلار، پومزەكچىلەر (توپچىلار)، چاقپىلەك ماھىرلىرى، كۆلەڭگۈچ ماھىرلىرى، ياغاچ پۇتچىلار، قوچاقۋازلار، مەدداھلار، داستانچىلار، قىزىقچىلار، ھاپىزلار، مەسخىرەۋازلار ئۆز قىزغىنلىقلىرى بىلەن كېلىپ، ھەرقايسىسى ئۆزىگە خاس ماھارەتلىرىنى نامايەن قىلىپ مۇراسىمنى قىزىتىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ مۇراسىمغا يەنە دەرۋىشلەر، سوپىلار، بۇۋىلەر، تىلەمچى - قەلەندەرلەر، بەڭگىلەر، قىمارۋازلار ... مۇ كېلىدۇ. ماھارەت كۆرسەتكۈچىلەر مەيداننىڭ بىر چېتىدىن مۇۋاپىق جاي تاللاپ، ئۆزىگە خاس ئورۇن (سەھنە) ھازىرلايدۇ.

## دارۋازچىلىق

دار ئادەتتە 20-30 مېتىر ئېگىزلىكتە باغلىنىدۇ. 70 - 80 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئاغامچىنىڭ بىر ئۇچى يەر تەكشىلىكىدىن باشلىنىپ، بىر ئۇچى يانتۇ شەكىلدە 20 - 30 مېتىر ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلىدۇ. ئۆزىگە خاس مىللىي نۇسخىدا كەشتىلەنگەن ۋە نەپىس زەر تۇتۇلغان قىزىل رەڭلىك مىللىچە دارۋاز كىيىمى كىيگەن دارۋاز يالىڭاياق بولۇپ، دار ئۈستىگە چىقىپ، ئالدى - ئارقىسىغا مېڭىش، ئولتۇرۇپ قوپۇش، موللاق ئېتىشتەك ھەر خىل قىزىقارلىق ماھارەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. گاھىدا دارۋاز دار ئۈستىدە كۆزىنى تېڭىپ قويۇپ دار ئوينايدۇ. گاھىدا پۇتىغا تەخسە تېڭىۋېلىپ دار ئۈستىدە ماڭىدۇ. دارۋازنىڭ دار ئۈستىدە باسقان ھەر بىر قەدىمى تۆۋەندە چېلىنغان ناغرا - سۇنايىنىڭ رىتىملىق ئاۋازىغا ماس كېلىدۇ. دارۋازلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى چوققىسى — تاختا پەردىگە چىققاندا، چىغىرىق ئويۇنى، چىغىرىقتا ئۇچۇش، پۇتىنى ئۈستۈن، بېشىنى تۆۋەن قىلىپ پىرقىراش ۋە ئۇچۇش، ئۆزىنى تۆۋەنگە ئېتىشتەك ھەيران قالارلىق ماھارەتلەرنى ئورۇنلاپ، تاماشىبىنلارنى تاڭ قالدۇرىدۇ.

دارۋازلىق ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ئۇزۇن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەنئەنىۋى ماھارەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، مەملىكىتىمىزدە ۋە خەلقئارادا داڭ چىقارغان.

11 - ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «يىبلادى» دېگەن سۆزنى «دارۋازلىق قىلدى»، «ئەرىيىبلادى» دېگەن سۆزنى «ئادەم دارۋازلىق قىلدى» يەنى ئارغامچا ئۈستىدە ئوينىدى ① دەپ يەشكەن. بۇنىڭدىن قارىغاندا، دارۋازلىق 11-ئەسىردە ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇيان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

«خەننامە» ۋە «تاڭ بايانلىرى» دېگەن كىتابلارنىڭ گۇۋالىق بېرىشىگە قارىغاندا، «شەرقىي خەن دەۋرى (مىلادىنىڭ 25 - يىلىدىن 220-يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)دىن تاڭ سۇلالىسىغىچە بولغان دەۋرلەردە غەربىي دىيار سېھىرگەرلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە چاڭئەنلەرگە بېرىپ، دار باغلىغان» ② لىقى مەلۇم. تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن چاڭچۈن راھىبى چيۇجۇجى يازغان «غەربكە ساياھەت» ناملىق ئەسىرىدە: «شىمالدىن غەربىي - جەنۇبقا قاراپ ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ بىر شەھەرگە كەلدۇق. بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ئۇيغۇر ئىكەن. ئۇ، بىزگە قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ سوغا بەردى، بىزنى شورپا، قاتلىما نان بىلەن مېھمان قىلدى...يەنە بىر شەھەرگە كەلسەك، بىر كىچىك ئۇيغۇر بالىسى موما ياغاچنىڭ ئۈستىگە تېگىپ چىقىپ پىچاقۋازلىق ماھارىتىنى كۆرسەتتى» ③ دېگەن. دېمەك، بۇ، مۇندىن ئاز كەم ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن دارۋازچىلىق ئويۇنلىرىنىڭ شىنجاڭدا ئەۋج ئالغانلىقى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرگىمۇ يېتىپ بارغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مىڭ سۇلا-

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» 3 - توم، 412 - بەت. ② ③ «شىنجاڭ مىللىي تەنتەربىيىسى»دىكى نەقىلدىن

لىسى دەۋردە ئۆتكەن تارىخچى ۋاڭ چى «سەنسەي توخۇي» ناملىق كىتابىدا، پادىشاھ ئوردىسىدا ئوينىلىدىغان ئويۇنلار ھەققىدە توختىلىپ: «ئوردىدىكى ئويۇنلار ئىچىدە دارۋازلىق ھەرىكىتى غەربىي ئەلدىن كەلگەن» دېيىلگەن. شۇنىڭدەك «تۇڭدىيەن» ناملىق كىتابتا تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ: «خەنزۇلار ئوينىغان دارۋازلىقمۇ غەربىي ئەلدىن كەلگەن» دېيىلگەن. بۇ يەردە ئېيتىلغان غەربىي ئەل دەل شىنجاڭنى كۆرسىتىدۇ.

## مەدداھ ـ داستانچىلىق

بۇ سورۇندا مەدداھ ـ داستانچىلارمۇ ئۆزىگە مۇۋاپىق ئورۇننى تاللىغاندىن كېيىن داپ ـ ساپايى قاتارلىق سازلار بىلەن ئادەم توپلايدۇ. توپلانغان كىشىلەر مەدداھلارنى چۆرىدەپ چەمبىرەك ھاسىل قىلىدۇ. ئاندىن مەدداھ ـ داستانچى ناھايىتى قىزغىنلىق ھەرىكەت ۋە يۇمۇرىستىك سۆزلەر بىلەن ئۆز داستانىنى باشلايدۇ. داستاننىڭ مەلۇم قىسمى ئاخىرلاشقاندا، ياكى بىرەر ئابزاس تۈگىگەندە، داستانچىنىڭ قارشىسىدا خەلق توپى ئىچىدە ئولتۇرغان شاگىرت ئۇنىڭغا ماسلىشىپ «دوست» تارتىشىپ بېرىدۇ. بۇنىڭدا كۆپىرەك «ھەزرىتى ئەلى»، «رۇستەمى داستان»، «جەمشىت»، «ئابا مۇسلىم»، «مىڭ بىر كېچە»، «چاھار دەرۋىش» قاتارلىق تارىخىي داستان، چەكنامە ۋە ھېكايىلار سۆزلىنىدۇ. داستان سۆزلەش ئاخىرلاشقاندا، ئاڭلىغۇچىلار ئۆز ھالىغا يارىشا، داستانچىغا پۇل قاتارلىق سوغىلارنى ئىنئام قىلىدۇ.

## نورۇز سەيلىسىدىكى باشقا ئويۇنلار

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، نورۇز سەيلىسىدىكى ئويۇنلار خىلمۇ ـ خىل بولۇپ، ھەر خىل ئويۇنچىلار ئۆز ئالدىغا سورۇن تۈزۈپ، ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىدۇ. مۇراسىم قاتناشچىلىرى ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئويۇنلارنى تاماشا قىلىدۇ. ئاتلىقلار، چەۋەندازلار ئوغلاق تارتىدۇ ۋە ئات بەيگىسىگە قاتنىشىدۇ. پالۋان ـ مەرگەنلەر ئوۋ (شىكار)غا چىقىدۇ. چېلىشچى باتۇرلار چېلىشىدۇ. ئارغامچا تارتىپ كۈچ سىنايدۇ. ئۆسمۈر باللار لەگلەك ئۇچۇرىدۇ. بىر يەردە چاقپىلەك (سارغايدى) ئويۇنى ئوينىسا، يەنە بىر يەردە نەغمە ـ ناۋا، ئۇسسۇل ـ ساما، زىكرى ـ سۆھبەتلەر بولىدۇ. بۇنداق سەيلىگاھلاردا ناغرا ـ سۇناي چالىدىغان سەھنە، ئۇسسۇل ـ ساما مەيدانلىرىمۇ روسلىنىپ، ناغرا ـ سۇناي رىتىمىغا كەلتۈرۈپ ئۇسسۇل ئويناپ ساما سېلىنىدۇ. بۇنىڭدا ئەنئەنىۋى ئويۇنلاردىن «قىش بوۋاي ئويۇنى»، «يولۋاس ئويۇنى»، «شىر ئويۇنى»، «ئارغىماق ئويۇنى»، «ياغاچ پۇتچىلار ئويۇنى»، «سۇ ـ مۇز ئويۇنى» قاتارلىق ئويۇنلارمۇ ئوينىلىدۇ. بۇ ئويۇنلار ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز ياشىغان بارلىق جايلاردا، ئالايلۇق، قەدىمىي كۈسەن دۆلىتى (بۈگۈنكى كۇچار)دا، گىنگىت دۆلىتى (بۈگۈنكى قاراشەھەر)دە، ئۇدۇن دۆلىتى (بۈگۈنكى خوتەن)دە، ئىدىقۇت دۆلىتى (بۈگۈنكى تۇرپان)دا، سۇلۇق دۆلىتى (بۈگۈنكى قەشقەر)دە، قىسقىسى ئۇرخۇن ۋادىسىدىن تارتىپ تاكى جۇڭغار ۋە تارىم ئويمانلىقىغىچە بولغان كەڭ زېمىندا ھەر يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان بايرام، مۇراسىملاردا، بەزمە، مەشرەپلەردە، مۇجەسسەملەشكەن ۋە كامال تاپقان. ھەقىقەتەن ئەجدادلىرىمىز ئۇچۇن خۇددى سوۋېت ئۇيغۇر شائىرى ئىلىيا بەختىيا ئېيتقاندەك «ناخشا ـ سازسىز ۋە مەشرەپسىز يۈرمىگەن»① ئۇلار ئۆزىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى داۋامىدا شانلىق مەدەنىيەت ۋە سەنئەتنى ياراتقان. كېيىن بۇ مەدەنىيەت ئۇلۇغ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە قوشۇلۇپ، ئۇنى تېخىمۇ بېيىتقان.

① قەشقەر ئەدەبىياتى 1985 - يىل 4 - سان 113 - بەت.

## سۇ - مۇز ئويۇنى

سۇ - مۇز ئۇيغۇرلارنىڭ سۇ چاچىدىغان بىر خىل ئويۇنى بولۇپ، نورۇز ۋاقتىدا ئوينىلىدۇ. بۇ ئويۇننىڭمۇ تارىخى ئۇزۇن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخچىسى خۇي لىن ئۆزىنىڭ «مۇزىكا تەزكىرىسى» ناملىق كىتابىدا: «سۇ - مۇز ئويۇنى ھەر يىلى 2-ئاينىڭ 8-كۈنى ئوينىلىدىغان، كونا يىلنى ئۇزىتىپ، يېڭى يىلنى قارشى ئېلىش ئويۇنى بولۇپ، بۇ ئويۇن ھايۋان قىياپىتىدىكى گىرىملىك كوچا تىياتىرى بولۇپ، كۇسەن (كۇچار)دا ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان. بۇ نورۇز بايرىمىنىڭ قەدىمكى شەكلىدىن ئىبارەت» ① دېيىلگەن.

سۇ - مۇز ئاتالغۇسى توغرىسىدا قەشقەرلىق مەشھۇر ئۇيغۇر بۇددا ئالىمى ئۇيلان (732-820) ئۆزىنىڭ «نوم سۆزلۈكلىرىنىڭ شەرھىسى» ناملىق كىتابىدا: «سۇ - مۇز غەربىي دىيار ئۇيغۇرلىرىنىڭ سۆزى بولۇپ، ئەسلى سامۇز دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ئويۇن غەربىي كۇچار ئېلىدىن چىققان. ئۇنىڭ ئۆز نەغمىسى ھېلىمۇ بار. بۇ يەرتۇقۇچ سۈرەتلىك يابولمىسا، جىن - ئەرۋاھلار سۈرىتىدە نىقابلار تاقاپ ئوينىلىدۇ ۋە ياكى ئۆتكەن كىشىگە لاي - سۇ چېچىپ ياكى قولىغا سالما، ئىلمەك ئېلىپ، ئۆتكەن كىشىنى تۇتۇپ قىزىقچىلىق قىلىدۇ. ھەر يىلى 1-ئاينىڭ بېشىدا باشلىنىپ يەتتە كۈن داۋام قىلىدۇ. ئەل ئىچىدىكى رىۋايەتتە بۇ خىل ئويۇن خەلققە ئاپەت سالىدىغان جىن - شەيتانلارنى قوغلاش ئويۇنى دەپ قارىلىدۇ» دەپ يازغان. تاڭ دەۋرىدىكى دۇەن چىڭشى يازغان «يۇياڭدا يېزىلغان خاتىرىلەر» دېگەن كىتابتا: «قاراشەھەر (ئارا-چىن)دا يېڭى يىل كۈنى ۋە 2-ئاينىڭ 8-كۈنى سۇ - مۇز ئوينىلىدۇ» ② دېيىلگەن.

«بۈيۈك ياپونىيە تارىخى»دا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ سۇ- مۇز ئويۇنى ياپونىيەگىمۇ تارقالغان بولۇپ، ئىسمى «سۇمۇجېيە»دەپ ئاتالغان، ئايرىم نىقابلىق كىيىملىرى بولغان. بۇ ئويۇندا يەنە «سۇجەۋلى» ئىسىملىك بىر شەخس بولۇپ، ئات مىنىپ ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىمىنى كىيىپ، قولىغا قاپاقتا سۇ ئېلىپ چاچماقچى بولغان سۇمۇجېيە بىلەن ماسلىشىپ، ئاتقا يېقىنلاپ - قېچىپ ئوينايدۇ. بۇ بىر خىل قەدىمىي ئوپېرا شەكلىدىكى ئۇسۇل بولغان. ③

## شىر ئۇسسۇلى

بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ نورۇز بايرىمىدا ئوينىلىدىغان كوچا ئۇسسۇللىرىدىن بىرى بولۇپ، ئىنتايىن چوڭ تەسىرگە ئىگە. بۇ ئويۇن ئىچكى ئۆلكىلەرگىمۇ تارقالغان، خەنزۇچە يېزىلغان قەدىمىي ماتېرىياللارنىڭ مەلۇمات بېرىشىچە، «شىر ئۇسسۇلى» ئەسلى كۇچار ئۇيغۇرلىرىنىڭ نەغمىسىگە تەئەللۇق بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا، يەنى مىلادى 618-يىللىرى كۇچاردىن كىرگەنلىكى مەلۇم. تاڭ سۇلالىسى زامانىدىكى مەشھۇر ئەدىپ بەي جۈيى ئۆزىنىڭ «غەربىي لياڭ ئويۇنلىرى» ناملىق شېئىرىدا بۇ شىر ئۇسسۇلىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

غەربىي لياڭ ئويۇنلىرى، غەربىي لياڭ ئويۇنلىرى، ئوينايدۇ ياسالغان شىرنى ئۇيغۇرلار تارتىپ نىقاپ. ئالتۇن ياللاتقان كۆزى، كۈمۈش ياللاتقان چىشى، ياغاچ بىلەن باش ياساپ، يىپ-يىپەك قۇيرۇق تاقاپ. چۈلغىتىپ تۈكلۈك كىيىم، ئەگسە بىرجۇپ بەللىرىنى، تۈگۈلگەندەك تاغىل قۇم خۇددى ئۇنىڭ يول قاپساپ. مەللە ساقال، چوڭقۇر كۆز ئىككى ئۇيغۇر سەھنىگە، سەكرەپ كېلىپ سۆزلىدى ئۇتۇپ قوللىرىغا داپ ④...

يۇقىرىدىلاردىن شۇنى كۆرۈش مۇمكىنكى، قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان نورۇز بايرىمىدا ئوينىلىدىغان ھەرخىل ئويۇنلار ئىچكى ئۆلكىلەرگە ھەتتا چەت ئەللەرگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن.

---

① «ئۇيغۇر ئەلنەغمە تىياتىر سەنئىتى توغرىسىدا» 17-بەتتىكى قىلىدىن. ② «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتى» 75—76- بەت ③ «ئۇيغۇر ئەلنەغمە تىياتىر سەنئىتى توغرىسىدا» 77-بەت.
④-ئۇيغۇر ئەلنەغمە تىياتىر سەنئىتى توغرىسىدا»: 77-بەت

## ئوۋچىلىق

بۇرۇنقى زامانلاردا ئوۋچىلىق ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىدىن بىرى. شۇڭا ئەنگدەك قەدىمكى ئۇيغۇرلار ھېيت - ئايەم، مۇراسىملاردا بولۇپمۇ نورۇز بايراملىرىدا ئوۋغا چىقىپ ئەكەلگەن ھاسلاتلىرىدىن ئەر ۋە ئاياللار جەم بولۇپ، سورۇن تۈزۈپ، ئورتاق پايدىلىنىدىغان ئادەت بار ئىدى. مۇنداق ئادەت خېلى ۋاقىتلارغىچە داۋام قىلغان. قىر ۋە تاغلىق جايلاردا ياشايدىغان خەلقلەردە ھېلىمۇ ساقلانماقتا. ئۇيغۇرلاردىكى ئوۋچىلىق ھەققىدە ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى»دا مۇنداق مەلۇماتلارنى بېرىدۇ:

**ئەسلىسى**

يىگىتلەرنىڭ ئىشلەتۇ،
ياغاچ يىمىش ئىرغاتۇ،
قۇلان - كىيىك ئاۋلاتۇ،
بەزدەم قىلىپ ئاۋنالىم. (1- توم 348- بەت)

**يەشمىسى**

يىگىتلەرنى ئىشلىتىپ،
مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئىرغىتىپ،
قۇلان - كىيىك ئوۋلىتىپ،
بايرام قىلىپ ئاۋۇنا يىلى. (كۆڭۈل ئاچايلى)

**ئەسلىسى**

چاغىر بېرىپ قۇشلاتۇ،
تايغان ئېزىپ چىشلەتۇ،
تونغۇز، تۈلكە تاشلاتۇ،
ئەردەم بىلە ئۆكلەلىم. (2- توم 502- بەت)

**يەشمىسى**

قارچىغا بېرىپ قۇشلىتىپ،
تايغان سېلىپ چىشلىتىپ،
تۈلكە، تونگۇزنى تاش بىلەن ئۇرۇپ،
پەزىلەت بىلەن پەخىرلىنەيلى.

ئوۋچىلىق ھەققىدىكى بۇ قوشاقلار بىزگە قەدىمكى ئوۋچىلىق جەمئىيىتىنى ئەسلىتىدۇ. شۇنداقلا بۇ ئادەتنىڭ بوۋىمىز مەھمۇد دەۋرىگىچە داۋام قىلىپ كەلگەنلىكىنى ۋە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاشۇ دەۋرلەردىمۇ ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، بايرام ئۆتكۈزۈپ كۆڭۈل ئاچىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئادەت تارىختىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلمەكتە. ھازىر بىزگىچە داۋاملىشىۋاتقان نورۇز بايرىمىدا ئوۋغا چىقىش ھەققىدە مۇنداق قوشاقلار بار:

نورۇز كەلدى جاھانغا ئوۋ قىلغىلى چىقارمىز،
قايغۇ باسقان كۆڭۈلنى تاغدا يۇرۇپ ئاچارمىز.
جىرغىلاردا ئاك ئاتىپ بۇغا - كىيىك ئاشارمىز،
تېرىسىنى تاسما ئېتىپ مۈڭگۈزىنى ساتارمىز،
قول - پۇتىنىڭ پاچىقى قامچىغا دەستە بۇكۈن.

## چېلىشىش

چېلىشىش — ئۇيغۇرلاردا ئۇزاق تارىخ ۋە چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە ئەنئەنىۋى ئادەتلەردىن بىرى. بۇ يالغۇز ھېيت - ئايەم، توي - تۆكۈن، سەيلە، مۇراسىم ۋە يىغىلىشلاردىلا ئۆيۈشتۇرۇپلا قالماستىن، تۆت ئادەم تەبىئىي رەۋىشتە جەم بولغان جايدىمۇ بىر - بىرى بىلەن چېلىشىپ ئۆز كۈچلىرىنى نامايەن قىلىشىدۇ. نورۇز سەيلىسىدە بولىدىغان چېلىشىش ھەققىدە «نورۇزنامە»دا مۇنداق قوشاقلار بېرىلگەن:

تۆت ئەتراپتا ئادەملەر ئولتۇرۇرلار تۈرىدەك،
چېلىشىشقا مەيدانغا كىرۇر يىگىت بۆرىدەك،
ئولتۇرۇپ ئالۇر مەيداندا تىزلاندۇرغان تۆگىدەك،
كى ساچراپ قوپۇر بەزى مەس بولغان بۇغرىدەك،
رۇستەمى داستان كەبى پەشۋا ئاتار كۆندۈر بۇكۈن.
كى تۇرتۇپ بىر - بىرىدىن بورۇن جەڭ قىلىپ،
كى مەيداننى ئىلغاپ توپىلاڭ قىلىپ،
كى ئادەملەرگە تەلپىلەر قىلىپ،
بۇ، باللار ھەققىدە دۇئالار قىلىپ،
كۆتارىپ ئېلىپ بىر-بىرىنى پەشۋا ئاتار كۆندۈر بۇكۈن.

بىرى ئۇتسا قولىدىن، بىرى ئۇتار يۇشقاق،
بىرى ئۇتسا بويۇنىدىن، بىرى ئۇتار بەلباغ،
بىرى قالۇر ئۇتالماي، بىرى سالۇر چىرماق،
بىرى قالۇر يېڭىلىپ، بىرى يەرگە ئۇرماق،
ئېچىپ تاشلاپ، ئېتىپ تاشلاپ، پەشۋا ئاتار كۈنـ
ىدۇر بۇ كۈن.

بىرىنىڭ بۈگۈن بەختى باردۇر،
بىرىنىڭ بۈگۈن بەختى كاجدۇر،
كۆتارىپ بىرىن يەرگە ئۇرادۇر،
بىرى يىقىلسا بىرى چېلىشقا تەييياردۇر،
پەشۋا بېرىپ، بىرى - بىرىن يىقىتار كۈندۇر بۇ
كۈن.

ئۆرە قالسا خۇشاللىق، يىقىلسا خۇمار كېتكەي،
بۇ چېلىشنى ئېشىتىپ، بارمىغان پۇشمان ئەتكەي،
بۇ ئويۇننىڭ قايسىنى سەنوبەرشاھ (1) بايان ئەتكەي،
بۇ نورۇز كۈن بولمىسا. كىم بۇنى بايان ئەتكەي،
كىمنىڭكى كۆرسە خۇش بولۇر، كېيىپ بولۇر كۈنـ
ىدۇر بۇ كۈن.

بۇ قوشاقلاردىن شۇنى كۆرۈش مۇمكىنكى، نورۇز مەزگىلىدە يۇرت - يۇرتلاردىن كەلگەن پالۋان - باتۇرلار چېلىش مەيدانىغا چۈشۈپ، ئۆزىنىڭ كۈچ - ماھارىتىنى نامايەن قىلىدۇ. چېلىشتا ئۇتۇپ چىققانلار ئۆز لايىقىدا مۇكاپاتقا ۋە ئەل ئىچىدە زور ئىززەت - ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. چېلىش ئۇيغۇرلاردا ماددىي تۇرمۇشنىڭ بىر ۋاستىسى بولۇش بىلەن بىللە مەدەنىي تۇرمۇشنىڭمۇ مۇھىم مەزمۇنىدىن بىرى.

خەنزۇ مەنبەلىرىدىن «خەننامە»، چاڭچيەن تەزكىرىسىدە: «مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2 - ئەسىردىلا شىنجاڭدا چېلىش پائالىيىتى ئەۋج ئالغان»لىقى قەيت قىلىنغان. دېمەك، مىلادىدىن ئىككى ئەسىر ئىلگىرى يۇرتىمىزدا ئەۋج ئالغان بۇ ھەرىكەت بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا ئەۋج ئالماقتا ۋە خەلقئارا سەۋىيىگە قاراپ تەرەققىي قىلماقتا.

## مەشرەپ ئويۇنى

ئۇيغۇر خەلق مەشرەپى ئەجدادلىرىمىز ياراتقان قىممەتلىك مەدەنىي مەدەنىيەت ۋە سەنئەت مىراسلىرىدىن بىرى. بۇ، ناخشا، مۇزىكا، ئۇسسۇل ۋە ھەر خىل ئويۇنلاردىن مۇجەسسەملەشكەن. بۇ - ئاساسلىقى نورۇز سەيلىسىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. نورۇز سەيلىسىدە ئوينىلىدىغان مەشرەپ ھەققىدە مۇنداق قوشاقلار بار:

ئېيتىدا قىلدۇق نورۇزدىن ياخشى كۈننى باشلىدۇق،
كۆڭلىمىزنىڭ خۇشلىقىدىن بۇ ئويۇننى باشلىدۇق،
شاتىۋادىن تون كېيىپ جۇۋا - تۇماقنى تاشلىدۇق،
سايىلەردە ئولتۇرۇپ، نەغمە - ناۋانى باشلىدۇق،
ئات مىنىپ ئوغلاق ئېلىپ، مەشرەپ قىلۇر كۈندۇر
بۇ كۈن.

يىل بېشى نورۇز بولدى، قوينى سويغىن ۋاقتىدا،
يېغىدا سەن يەد سېلىپ، خەير قىلغىن ۋاقتىدا،
گۆشىنى ئاشقا بېسىپ، مەشرەپ قىلغىن ۋاقتىدا،
غەنىمەتتۇر بۇ نورۇز ئوينىۋالغىن ۋاقتىدا،
كىم ئۆلۈپ كىم قالىدۇ، ئاللا بىلۇر تاڭلا بۇ كۈن.

ئادەتتە نورۇز بايرىمى بىر نەچچە كۈن ھەتتا بىرەر ئاي داۋام قىلىدۇ. ئاخشاملىرى نۆۋەت بويىچە ھەر بىر شەخسلەرنىڭ ئۆيىدە مەشرەپ كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلىدۇ. مەشرەپ بەزمىسى قىلىپ بېرىشنى ھەر بىر كىشى ئۆزىگە بىر ئابروي ۋە شەرەپ ھېس قىلىدۇ. ساھىپخان كەلگەن مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، مال سويۇپ مېھمان قىلىدۇ. تۆۋەندىكى قوشاق بۇنى ئىسپاتلايدۇ:

نورۇز كەلدى جاھانغا نورۇزلۇقنى راسلاپ قوي،
بۇ نورۇزدا بارۇرمىز بارغانلارغا پاخلان سوي،
قويۇ - پاخلان بولمىسا، خۇشخۇي بولۇپ ئوغلاق سوي،
نورۇز كەلسە خىسلەت كۆپ خىيالىدىتە قىلساڭ ئوي،
نورۇز كەلدى ھەممىگە دۆلەتتىن دۆلەت بۇ كۈن.

(1) سەنەۋ بەرشاھ — «نورۇز نامە» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى.

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ نورۇز بايرىمىدا چوڭ مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، قاتارى مەشرەپ بەزمىلىرى ئۇيۇشتۇرۇپ، قوي - ماللار سويۇپ، تۈرلۈك ناز - نېمەتلەرنى يېيىشىپ، تۈرلۈك ئويۇنلار بىلەن كۆڭۈل ئېچىپ تەنتەنە قىلىش بىلەن ئادەتلەنگەن. بۇ ھال خەنزۇ مەنبەلىرىدىمۇ قەيت قىلىنغان.

ئېلىمىزنىڭ 5—6- ئەسىرلەرگە ئائىت مەشھۇر تارىخىي «ۋېي يىلنامىسى، قوچۇ تەزكىرىسى» دە قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ئۈستىدە توختالغاندا: «ئۇلارنىڭ قەبىلىلىرى بىر يەرگە يىغىلىپ مۇراسىم ئۆتكۈزگەندە، ئەل - جامائەت نەچچە تۈمەن بولاتتى، مال سويۇلاتتى، ئات بەيگىسى قىلاتتى، سەيلە قىلاتتى، ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئوينايتتى ....» ① دېيىلگەن.

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى» دا «سوغدىش»، «سۇرچۈك»ئاتالغۇلىرىنى «قاتارى بەزمە، قىش كۈنلىرى دوستلار ئارا نۆۋەت بىلەن بولىدىغان مەشرەپ، كېچىلىك ئولتۇرۇش» ② دەپ ئىزاھلىغان. يەنە شۇ كىتابتا كۆپچىلىك بىر يەرگە جەم بولۇپ، ناخشا - ساز ۋە ئۇسسۇللار بىلەن ۋە قەدەھلەرنى تولدۇرۇپ ھاراق - شاراپ ۋە قىمىزلارنى ئىچىش بىلەن تەنتەنە قىلىدىغان ئادەتلەرنى ئەسلىتىدىغان مۇنداق قوشاقلارمۇ بېرىلگەن:

ئەسلىسى

كۆكلەر قامۇغ تۈزۈلدى،
ئىۋرىق - ئىدىش تىزىلدى.
سەنىمىز ئۈزۈم ئۈزۈلدى،
كەلگىن ئامۇل ئويىنالىم.

(3- توم، 181- بەت)

يەشمىسى

كۆيلەر تولۇق تۈزۈلدى،
ئىۋرىق - ئىدىش تىزىلدى.
سەنىمىز ئۈزۈم ئۈزۈلدى،
كەل خاتىرجەم ئوينايلى.

ئەسلىسى

ئىۋرىق باشى قازلايۇ،
ساغراق تولۇ كۆزلەيۇ.
ساقىنچ قودى كىرلەيۇ،
تۈن - كۈن بىلە سەۋنەلىم.

(1- توم 135- بەت)

يەشمىسى

ئىۋرىق كەبى غاز كەبى،
قەدەھ تولۇق كۆز كەبى.
ھەسرەتنى تۆۋەنگە يوشۇرۇپ،
تۈن - كۈن بىلە سۆيۈنەيلى.

ئەسلىسى

ئوتۇز ئىچىپ قىقرالىم،
يوقار قوپۇپ سەكرەلىم.
ئارسلان لايۇ كۆكرەلىم،
قاچتى ساقىنچ سەۋنەلىم.

(1- توم، 193- بەت)

يەشمىسى

ئۈچ رەت ئىچىپ ۋارقىرايلى،
يۇقىرى قوپۇپ سەكرەيلى.
ئارسلاندەك ھۆركىرەيلى،
قايغۇ قاچتى سۆيۈنەيلى.

مەكتەپ، مەدرىسلەردىمۇ نورۇز بايرىمىنىڭ تەسىرى ئىنتايىن چوڭ. نورۇز مەزگىللىرىدە مەكتەپ، مەدرىسلەردىمۇ چوڭ تەييارلىق باشلىنىدۇ. مۇدەررىس ۋە مۇئەللىملەر بايرام ئالدىدىن ئوقۇغۇچىلارغا نورۇزغا بېغىشلانغان شېئىر، قوشاقلارنى يېزدۇرۇپ تاپشۇرىدۇ ۋە نورۇزلۇق تارقىتىپ بېرىدۇ. تالىپلار رەڭگا - رەڭ قەغەز ۋە لاتىلارغا رەڭگا - رەڭ بوياقتا يېزىلغان نورۇز نامىنى بىر تال گۈللۈك چىۋىققا باغلاپ كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، نورۇز ناخشىلىرىنى ئېيتىدۇ

① «ۋېي يىلنامىسى، قوچۇ تەزكىرىسى» 6 - توم. ② «تۈركىي تىللار دىۋانى» 593 - ۋە 624 - بەتلەر.

ۋە بۇ «نورۇز نامە»نى بىر - بىرى بىلەن ئال-
ماشتۇرىدۇ. مۇنداق نورۇزنامىلار ئوقۇغۇچىلار-
نى تىرىشىپ ئوقۇپ، بىلىم ئېلىشقا دالالەت قى-
لىدۇ. مەسىلەن:

كېلىپتۇر خۇش مۇبارەك ئوشبۇكۈن يارانلار-يارانلار،
ئەجەپ مۇزلۇق دەرەخلەرنى يارار كۈن-كۈندە بورانلار،
تەرەددۇت بىرلە مەكتەپتە ئوقۇپ ئوغلانلار-ئوغلانلار،
بولۇر بىر كۈنى ئالەمدە زور ئىنسانلار ئوغلانلار.

بۇنىڭدىن باشقا، ھەرقايسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز ئۆيلىرىدە، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدا، قوشنا - قولۇملارغا ئاپىرىدىغان نورۇزلۇقلار بار. بۇلار ئاساسلىقى، ئۇلارنى ئۆز باللىرىنى مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇتۇپ، ياخشى ئادەم قىلىشقا دالالەت قىلىش ھەققىدە يېزىلىدۇ:

خۇداۋەندە رەھمە ئەيلەپ ئەگەر پەرزەندە بەرسە،
كىچىكىدىن تەربىيەت ئەتسە، ئەدەپ-ئىلىمنى ئۈگەتسە،
يەنە تەۋھىت①نى بىلدۈرسە، نەھى②لەردىن ياندۇرسا،
شەرىئەت ھۆكمىنى تۇتسا، ئەمرى-مەرۇپنى بىلدۈرسە،
گۇناھلارنى ئەپۇ ئەيلەپ خۇدا جەننەت ئاتا قىلۇر
كۈندۈر بۇ كۈن.

قىز - ئوغۇل ئەۋلادىنى مەكتەپكە بەرسە ھەركىشى،
قىلغۇسى تۇمۇغ ③ئۆتىدىن تەڭرىم ئازاد ئۆت كىشى.
ئەۋۋەلەن ئاتا-ئانا بىلەن باللىرى ئاندىن ئوقۇتقان
موللىسى،
دائىما ئوقۇش بىلەن ئۆتسە بۇنىڭ يازۇ - قىشى،
قىلغۇسىدۇر بىل ئەزىز تەڭرىم ئۇنى تاڭلا بۇكۈن.

يەنە بەزىلىرى مەكتەپ - مەدرىسلەردە ئو-
قۇۋاتقان باللىرىغا نورۇزلۇق بېرىشنى تەلەپ
قىلىش ھەققىدە يېزىلىدۇ. مۇنداق مەزمۇندىكى
قوشاقلارنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بىرى مۇنداق:

نورۇز كەلدى جاھانغا داداڭغا ئېيتقىن خۇشخەۋەر،
قىشتىن ئامان چىققانغا خۇدايى قىلسۇن ئىككى سەر④،
ئاتاڭ بەرسۇن بىر جۇپ نان يەنە بىر ئاز قەنت-شېكەر،
ئەكىلىپ بەرگىن موللاڭغا دۇئا قىلۇر سەربەسەر ⑤،
قەدرى نورۇز بىلگەنلەر سەدىقە بېرۇر كۈندۈر بۇ كۈن.

بۇ قوشاقنىڭ يەنە مۇنداق ۋاريانتىمۇ بار:

نورۇز كەلدى جاھانغا،
بېرىپ ئېيتقىن ئاتاڭغا،
ئاتاڭ بەرسۇن بىر تەڭگە،
ئاپىرىپ بەرگىن موللاڭغا.
موللاڭ بەرسۇن قوشناچقا،
قوچناش سالسۇن ساندۇققا. ⑥

كەلدى نورۇز كەلدى بۈگۈن،
ئەرشى بىنا ئەتكىلى.
بارچە ئادەم كۆڭلىنى،
شادۇ - خۇررام ئەتكىلى.

ھەر كىشى موللىسىدىن،
ئالسۇن دۇئا كۆڭلىنى
مەرىپەتكە تولدۇرۇپ،
گۈلى - گۈلزار ئەتكىلى. ⑦

بۇ نورۇز نامىنى تاپشۇرۇپ ئالغانلار ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە ھىممىتىگە قاراپ، باللارنىڭ قولىغا نورزلۇق پۇل - مال بېرىدۇ. بۇنىڭ بىر مىسالى شۇكى، مەھمۇد قەشقەرى

① تەۋھىت — خۇدانى بىر بىلىش. ② نەھى — مەنئىي قىلىش، توساش. ③ تومۇغ - دوزاق. ④ ئىككى سەر - پۇل بىرلىكى، مەسىلەن: بىر سەر، ئىككى سەر ياكى بىر سەر كۈمۈچ، ئىككى سەر كۈمۈچ دېگەندەك ⑤ سەربەسەر - داۋاملىق، باشتىن - ئاياق. ⑥ «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى» قازاقىستان «ناۋكا» نەشرىياتى نەشرى، 218- بەت. ⑦ «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 62- بەت

www.uyghurkitap.com

ئوقۇۋاتقان چېغىدا ئۇستازى ئۇنىڭغا مۇنۇ نورۇز قوشىقىنى يېزىپ بەرگەن:

«تېرەكلەر تەگكە بولۇپتۇ - نەۋ باھار،
بولدى ئالەمگە پەرەھلىك ① ساد ھازار، ②
كىمكى ئەۋلادىنى مەكتەپكە بېرۇر—
ھۆرى غۇلماندىن تاپار جەننەتتە يار»

مەھمۇد قەشقەرى بۇ نورۇز قوشىقىنى ئائىلىسىگە كۆتۈرۈپ بارغاندا، بوۋىسى شاھ ئېبىرام بىر دانە بۇغرا تۆگىنى، دادىسى سۇلتان ھۈسەيىن بىر دانە ئارغىماق ئاتنى، سەيپىدىن ۋەلىيۇللا بىر دانە ئەركەك قوينى مەكتەپكە نورۇزلۇق ئۈچۈن بەرگەن. ③ دېمەك، مەكتەپ مۇئەللىملىرى مانا شۇنداق يىغىلغان پۇل - مال بىلەن مەكتەپنىڭ بىر بۆلۈم خىراجەتلىرىنى ھەل قىلغاندىن سىرت ئوقۇغۇچى بالىلارنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك مىنزىرىلىك جايلارغا ئاپىرىپ نورۇز سەيلىسىنى ئۆتكۈزىدۇ.

بالىلار نورۇز بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن تېخىمۇ زور شاد - خۇراملىقتا چۆمىدۇ. قىشلىق كىيىملىرىنى تاشلاپ، يازلىق كىيىملىرىنى كىيىپ بايرامنى تەنتەنە قىلىدۇ. ھەرخىل رەڭ ۋە ھەرخىل شەكىلدىكى لەگلەكلەرنى بەس - بەس بىلەن ئاسمانغا ئۇچۇرىدۇ.

لەگلەك چىقتى ياز بولدى،
قانىتى قەغەز بولدى.
ئويۇنىمىزنى بەرمىگەن
نورۇز جان بوغاز بولدى.

دېگەن ناخشىلارنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭدەك نورۇز بايرىمى مۇناسىۋەتلىك باشقا قوشاقلارنىمۇ ئېيتىدۇ. مۇنداق قوشاقلاردىن بىرى «باي چېچەك» قوشىقىدۇر:

باي چېچەكىم بالىسى،
قۇلىقىدا دانىسى.
دانىسىنى ئالاي دېسەم،
چىقىپ قالدى ئانىسى.

قاتتىق يەرنى تاتىلاپ چىققان باي چېچەك،
يۇمشاق يەردىن يۇمۇلاپ چىققان باي چېچەك.

باي چېچەكىم باغلاندى،
قازاندا لىق ئايرانتى،
ئايرىنىڭدىن بەرمىسەڭ،
قازانلىرىڭ ۋەيرانتى. ④

باي چېچەك يەرنىڭ توڭى ئېرىپ، يەرنىڭ يۇمشىشى بىلەن تەڭ ئۆسۈپ چىقىدىغان بىرخىل گۈل بولۇپ، بۇ ئەل نورۇز بايرىمى مەزگىلىدە ھۆپپىدە ئېچىلىپ، قىر - داللارنى گۈزەل تۈسكە كىرگۈزىدۇ. بالىلار توپ - توپ بولۇشۇپ، باي چېچەك ئۆسۈملۈكىنى دالا - قىرلاردىن تېپىپ، ئۇنىڭ سۇلىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، يىلتىزىدىكى لاي بىلەن كولاپ ئېلىپ لاتىغا ئوراپ، كوچىمۇ-كوچا، ئۆيمۇ - ئۆي يۈرۈپ يۇقىرىقى قوشاقنى ئېيتىدۇ.

ئومۇمەن ئالغاندا ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولغان بۇ ئەنئەنىۋى بايرام ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا ئىنتايىن چوڭ تەسىرگە ئىگە. ئۇيغۇرلار نورۇزنىڭ يېتىپ كېلىشىدىن ئىپتىخارلىنىپ، قېرى-ياش ھەممەيلەن بۇ بايرامنى شاد - خۇراملىق بىلەن

---

① فەرەھلىك - خوشلۇق. ② سەدھازار - يۈزمىڭ. ③ «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1983 - يىلى 1 - سان 33 - بەتتىن پايدىلىنىدى. ④ «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزىرىيىسى» 426 - 427 - بەتلەر.

ئۆتكۈزىدۇ. نورۇز دېگەن ئاتالغۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرگەنلىكىدىن مەشھۇر سەيلىگاھ، كىتاب، جاي، ئادەم ھەتتا مۇزىكا ناملىرى ئورنىدىمۇ قوللانغان.

14 - ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر ناۋائىي ئۆزىنىڭ «چاھار دىۋان» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە، مۇقام ئىسىملىكلىرى قاتارىدا «نورۇز مۇقامى» نى تىلغا ئالغان. شۇنىڭدەك «نورۇز مۇقامى» نىڭ «نورۇز بۇزرۇك»، «نورۇز ھۇسەينى»، «نورۇز كۆچەك»، «نورۇز بۇسەلىك»، «نورۇز راست»، «نورۇز سۇلتانى»، قاتارلىق كۆپلىگەن نەغمە - ۋارىيانتلىرى بولغان ① لىقى مەلۇم.

15 - ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك ئۇيغۇر شائىرى مەۋلانا ئەبەيدۇللا لۇتپى «گۈل ۋە نورۇز» دېگەن مەشھۇر ئەسەرنى يازغان. مانا بۇ ئاتالغۇلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ئاشۇ قەدىمىي نورۇز بايرىمىغا بېرىپ تاقىلىدۇ.

نورۇز بايرىمى ھەققىدە چەت ئەل مەنبەلىرىدىمۇ مەلۇماتلار بار. مەسىلەن: خەلقئارا تۈركشۇناسلىق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، نېمىس تۈركولوگ ئا.ۋ. گابايىن «قارا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى» دېگەن ئەسىرىدە ۋە 1971 - يىلى ئىستانبولدا نەشر قىلىنغان «ئوكيانۇس» دىمۇ بۇ ھەقتە مەلۇمات بېرىلگەن، بۇ بايرامنىڭ ياۋروپا ئەللىرىدە ۋە رۇسلاردىمۇ تەسىرى بولماي قالمىغان. مەسىلەن: بىر مۇنچە ئەللەرنىڭ جۈملىدىن رۇسلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك بايرىمى بولغان روژدېستۋو بايرىمى ۋە پاسخا بايراملىرىدا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ئاپپاق ساقاللىق، قىزىل تونلۇق «نورۇز بوۋاي»، پاسخا بايرىمىدىكى «نورۇز ئارچىسى» قاتارلىقلارمۇ بۇنىڭ دەلىلى، بۇ بايرام ئېلىمىزدىكى نۇرغۇنلىغان خەنزۇ تارىخچىلىرىنىڭ ۋە ئەدىپلىرىنىڭ دىققەت ئېتىۋارىنى ئۆزىگە تارتقان.

تاڭ دەۋرىدىكى تارىخشۇناس خۇي لىن ئۆزىنىڭ «مۇزىكا تەزكىرىسى» دېگەن كىتابىدا نورۇز بايرىمى ھەققىدە كەڭ توختىلىپ: «ئارغىماق ئويۇنى»، «يولۋاس ئويۇنى»، «قىش بوۋاي ئويۇنى» قاتارلىق ھەر خىل گىرىملىك ئويۇنلار ئوينىلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەن. شۇنىڭدەك نورۇز كۈنى ئەر - ئايال كۈن - تۈن ناخشا - ئۇسسۇل بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. شۇنداقلا تارىخچى چى شىيى يازغان «غەربىي دىياردا ئاڭلىغان كۆرگەنلىرىم» دېگەن كىتاب بىلەن «جەنۇبىي شىنجاڭ ئومۇمى تەزكىرىسى» دېگەن كىتابلاردىمۇ نورۇز بايرىمى ھەققىدە بايانلار بېرىلگەن.

مەھمۇد قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى» دا نورۇزنى تىلغا ئېلىپ «نورۇزدىن كېيىنكى تۇنجى باھار ئېيىنى ‹ئوغلاق ئاي› دەيدۇ. چۈنكى بۇ ئايدا ئوغلاق كۆپ بولىدۇ» ② دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن نورۇز بايرىمىدىن كېيىنكى «ئوغلاق ئېيى» دەپ ئاتالغان تۇنجى باھار ئېيىدا كىشىلەرنىڭ قاتارى ئوغلاق تارتىپ ئوينايدىغانلىقىنى قىياس قىلىش مۇمكىن.

15 - ئەسىردە ياشىغان بەلخلىق تارىخچى خاۋەند شاھ مىر خاۋەند ئۆزىنىڭ «روزە توسسافا» ناملىق ئەسىرىدىمۇ «نورۇز بايرىمى» ئۈستىدە توختالغان. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «چىڭگىزخان... شەرق پادىشاھى بولۇپ، يېڭى يىلنىڭ نورۇز چېدىرىنى قۇرغان پەيتىدە، شەرەپ بارگاھى ئۈستىگە چىقتى. ئۇنىڭ خاقانلىق دەۋرى قېرى - ياش بارلىق ئەل - ئۇلۇسقا ئايلاندى. باھارنىڭ خۇشپۇراق شامىلى ئەۋەتكەن خۇش خەۋەر ئەلچىسى ئۆلۈك ھالەتتىكى يەرنىڭ تىرىلگەنلىك خەۋىرىنى ئەيشى - ئىشرەت ئادەملىرىنىڭ قۇلاقلىرىغا ئاڭلاتتى. باھار زىننەتچىسى گۈل - چېچەك ئويۇنلىرىنى چىگىل گۈزەللىرىگە تىركەپ زىننەتلىدى.

---

(1) «ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە» 22- بەت. ② «تۈركى تىللار دىۋانى» 1 - توم، 54 - بەت.

«نورۇزكۈنى شامىلى كەلتۈردى بىر باھار،
بوستاندا گۈل ئېچىلدى مىۋىلەر قاتار-قاتار...»①

پارس تىلىدا يېزىلغان «شەمسۇل لۇغەت» ناملىق كىتابتىمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى نورۇز بايرىمى ھەققىدە توختىلىپ: «نورۇزنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئات بەيگىسى، ئوغلاق تارتىش، چېلىشىش، ئەلنەغمە، قالۇن چېلىش قاتارلىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇلىدۇ» غانلىقى، «بۇ كۈنلەردە ھەپسە - زىنداندىكى مەھبۇسلارمۇ كۆڭۈل ئېچىشقا قويۇپ بېرىلىدۇ» غانلىقى بايان قىلىنغان.

10 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن كۇچالىق ئەدىب سەنۇبەر شاھ ئىبنى ئەھمەد نورۇز بايرىمىغا بېغىشلاپ «نورۇزنامە» ئىسىملىك بىر كىتاب يازغان، بۇ كىتاب قولىيازما بولۇپ، ھازىر شىنجاڭ مۇزېيىدا ساقلانماقتا. ئۇ بۇ كىتابىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتىدا، نورۇز بايرىمىنى تۈرلۈك داغدۇغىلىق پائالىيەتلەر بىلەن ئۆتكۈزۈشنى ئۆزلىرىگە رەسىم - قائىدە قىلىۋالغانلىقىنى، ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ۋە كۈچلۈك ئىجتىمائىي تەسىرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك شائىرلار، مەدرىسىلەردىكى مۇددەرىسلەر، تالىپلارنىڭ بۇنىڭغا ئاتاپ شېئىر - قوشاقلارنى توزەيدىغانلىقىنى ۋە بۇنى ھەرخىل سورۇنلاردا دېكلاماتسىيە قىلىدىغانلىقىنى، نورۇزنامە تارقىتىش ئارقىلىق پۇل - مال توپلاپ نورۇز سەيلىسى قىلىدىغانلىقىنى يازغان. ئۇنىڭدا يالغۇز نورۇزنامە ھەققىدە 175 كۇپلېت قوشاق بار.

1982 - يىلدىن كېيىن قەشقەر ئوپال رايونىدىكى «ھەزرىتى موللام» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن مازارنىڭ ئۇلۇغ ئالىمىمىز مەھمۇد قەشقەرىينىڭ مازىرى ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. بۇ مازارنىڭ يېنىدا «نورۇز بۇلاق» ناملىق بىر مەشھۇر بۇلاق بار. ئۇزۇن تارىخنىڭ شاھىدى بولغان بۇ بۇلاق ھەققىدە شائىرلىرىمىز شېئىر، قوشاقلار يازماقتا. بۇ بۇلاق ئۆز ۋاقتىدىكى تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلىدىغان نورۇز سەيلىلىرىدە سەيلىگاھلاردىن بولغانلىقى ئېنىق. يولداش مۇھەممەد ئىمىن ئەھمەد تەرىپىدىن يېزىلغان «ھەزرىتى موللام تەزكىرىسى»② نىڭ ئاياق قىسمىدا، ئۆز ۋاقتىدا ئۇستازلار ۋە قارىلار ئۆز تالىپلىرىنى باشلاپ نورۇز بۇلاققا بېرىپ شۇ يەردە تۈنەپ سەيلە قىلىدىغانلىقى ۋە تالىپلارغا شۇ بۇلاقتىكى سەيلىدە ئىلمىي ئۇنۋان بېرىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. ئۇزۇن تارىختىن بۇيان بۇ بۇلاق شۇ نامدا ئاتىلىپ سەيلىگاھ بولۇپ كەلمەكتە. تىلشۇناس، تەتقىقاتچى ئىبراھىم مۇتىئىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، 1983- يىلى ئەتىيازدا يۈزلىگەن ماشىنا، تراكتور، ھارۋىدا مىڭلاپ، ئون مىڭلاپ كىشى بېرىپ بۇ بۇلاقتا نورۇز سەيلىسىنى ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن.

نورۇز بايرىمى ئۇيغۇرلارنىڭ، جۈملىدىن تۈرك تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ قەدىمىي ۋە مىللىي ئەنئەنىسۋى بايرىمى بولۇپ، بۇنى ئۇيغۇرلاردىن باشقا قازاقلارمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇلار بايرامنى «ناۋرۇز مەيرىمى» دەپ ئاتايدۇ. بۇ كۈندە قازاق ئائىلىلىرى تېرىق، بۇغداي، گۈرۈچ، قۇرت، گۆش قاتارلىقلار بىلەن ئالاھىدە «ناۋرۇز تامىقى»نى تەييارلايدۇ. ئاتلىق قازاقلار توپ - توپ بولۇشۇپ، بىر ئاۋۇلدىن يەنە بىر ئاۋۇلغا بېرىپ ئۆيمۇ - ئۆي ھېيتلاپ بىر - بىرىنى مۇبارەكلىشىدۇ. «ناۋرۇز» تامىقىغا ئېغىز تېگىدۇ. «ناۋرۇز ئۆلەڭلىرى»نى ئېيتىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ «ناۋرۇز مەيرىمى»غا ئاتاپ ساقلىغان باشلىرىنى (سويغان مالنىڭ بېشىنى) ياشانغان پېشقەدەملەرگە

① روزە تۇساپا — تەرجىمە ژۇرنىلى 10- بەت. ② بۇ تەزكىرە — «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1983- يىل 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

تەقدىم قىلىندۇ. ئۇلار: «تېرسەڭ قوتتى بولسۇن، مالىڭ سۈتتى بولسۇن» (ئېگىلىكىڭ بەرىكەت تاپسۇن، مالىڭ سۈتلۈك بولسۇن) دېگەندەك سۆزلەر بىلەن تەبرىكلىشىدۇ. ئاندىن ئوغلاق تارتىش، چېلىشىش، قوش تۇۋلاشقا ئوخشاش پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

تارىخىي ھۆججەتلەردە قەيت قىلىنىشىچە، نورۇز بايرىمىنى ئىرانلىقلارمۇ شۇنداقلا ئارىيانىي ئىرقىغا مەنسۇپ خەلقلەرمۇ شاتلىق بايرىمى ھېساپلاپ، تەنتەنىلىك ئۆتكۈزىدىكەن. بۇ بايرام تاتارلاردىمۇ شۇنداق ئۆتكۈزۈلىدىكەن، مەرجانى ئۆزىنىڭ ئىككى جىلدلىق «نورۇز ھەققىدە قىسسە» ناملىق ئەسىرىدە: «بىر موللىنىڭ بىر چانا ھازىرلاپ، ئۇنىڭغا ئەللىكتەك كىشىنى قېتىپ، ئاۋۇلنىڭ بۇ چېتىدىن ئۇ چېتىگە قەدەر نورۇز قوشىقى ئېيتىپ موللىنىڭ پايدىسىغا ئاشلىق ۋە مال يىغقانلىقىنى، شۇنىڭدەك ئۆسمۈر - يېتىم بالىلارنىڭ نورۇز بېيىتلىرىنى ئۆزىگە خاس ئاھاڭغا سېلىپ كوچىمۇ كوچا، ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ جان بېقىپ يۈرگەنلىكىنى يازغان. نورۇز بايرىمىنى تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى قىرغىز، ئۆزبېك، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەرمۇ ئۆزىگە خاس رەسمىيەتلەر بىلەن ئۆتكۈزىدۇ.

دېمەك، تارىخى ئۇزۇن، چېتىشلىق دائىرىسى كەڭ، تەسىرى چوڭقۇر بۇ ئەنئەنىۋى بايرام ئىسلامىيەتتىن كېيىنمۇ تاشلانماستىن، داۋام قىلىپ كەلدى. شىڭ شىمەي تەختكە چىققاندىن كېيىن بۇ بايرامنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ئۇرۇندى. شۇنىڭدىن باشلاپ شىنجاڭدا، خەلقئارادا قوللىنىلىدىغان مىلادى يىلنامىسى قوللىنىلىدىغان بولۇپ، مىلادى 1 - ئاينىڭ 1- كۈنى يېڭى يىل قىلىپ بېكىتىلىپ، نورۇز بايرىمىنىڭ ئورنىغا شىڭ شىمەي تەختكە چىققان «خاتىرە كۈن»، «12 - ئاپرېل بايرىمى» ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن نورۇز بايرىمى رەسمىي رەۋىشتە ئومۇمىيۈزلۈك تەنتەنە بىلەن ئۆتكۈزۈلۈشتىن قالدى. شۇنداقتىمۇ خەلق ئارىسىدا، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا، غەيرى رەسمىي ئۆتكۈزۈلۈپ كەلدى. ئازادلىقتىن كېيىن بولۇپمۇ ئېلىمىزگە كۈللىنىش باھارى ئېلىپ كەلگەن 3 - ئومۇمىي يىغىندىن بۇيان، ئېلىمىز خەلقىنىڭ جۈملىدىن بىز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭمۇ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ كۈنسايىن ياخشىلىنىپ بېرىشى، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ توغرا ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ئارقىسىدا، ئەنئەنىۋى نورۇز بايرىمىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتى.

---

## پايدىلانغان كىتابلار

(1) سەنۇبەر شاھ ئىبنى ئەھمەد «نورۇزنامە».
(2) ئا. مەتتەمىن «ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ھەققىدە».
(3) «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1985 - يىل 4 - سان ۋە 1983 - يىل 1 - سانلار.
(4) «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى».
(5) ئا. مەتتەمىن «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى».
(6) ئا. راخمان «ئۇيغۇر ئەلنەغمە تىياتىر سەنئىتى توغرىسىدا».
(7) «ۋەي سۇلالىسى تارىخى»، «ئىلگىرى ھارۋىلىقلارنىڭ تەزكىرىسى 6 - جىلد».
(8) «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 40 - جىلد، 490 - بەت.
(9) مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى».
(10) «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى» قازاقىستان «نائۇكا» نەشرىياتى.
(11) «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.
(12) ئا. راخمان «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەزىرىيىسى».
(13) خاۋەند شاھ ئىبنى مىر خاۋەند «روزە تۇسساپا».
(14) م. ئەھمەد «ھەزرىتى موللام تەزكىرىسى».
(15) «شىنجاڭ مىللىي تەنتەربىيىسى».

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# سۇلبان



(دراماتىك پارچە)

جىبران خەلىل جىبران (سۈرىيە)

## قاتناشقۇچىلار

**پول سۇلبان** — سازەندە ۋە ئەدەبىياتچى

**يۈسۈپ مۇسىررا** — يازغۇچى ۋە تەنقىدچى

**يېلىنا مۇسىررا** — يۈسۈپنىڭ سىڭلىسى

**سەلىم مۇئاۋۋىد** — شائىر ۋە تەسۋىرچى

**خەلىل بېك تامىر** — دۆلەت خىزمەتچىسى.

بەيرۇتتىكى يۈسۈپ مۇسىررانىڭ كىتابلار تولغان كەڭ، چىرايلىق ئۆيى.

ۋاقتى: 1901- يىلى كۈزنىڭ بىر ئاخشىمى.

[خەلىل بېك تامىر چىلىمغا ئوخشاش ئەسۋاب بىلەن تاماكا تارتىدۇ. يېلىنا يىڭنە ئىشى بىلەن، يۈسۈپ مۇسىررا پاپىروسىدىن ئىس چىقىرىپ ئولتۇرىدۇ.

**خەلىل بېك:** (يۈسۈپ مۇسىرراغا) مەن بۈگۈن سىزنىڭ گۈزەل سەنئەت ۋە ئۇلارنىڭ ئادەملىرى توغرىلىق يازغان تەسىرى خاراكتېرگە ئىگە ماقالەڭنى ئوقۇدۇم. ئۇ ماڭا ياقتى. ئەگەر ئۇ ياۋروپا روھىدا بولمىغاندا، بۇ كەمگىچە يېزىلغان بۇ ماۋزۇدىكى نەرسىلەرنىڭ ئەڭ ئالدىدىن ئورۇن ئالغان بولاتتى. مۇسىررا ئەپەندى، مەن غەرب ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىنى زەھەرلىك دەپ ئېيتىدىغانلارنىڭ قاتارىغا كىرىدىمەن.

**يۈسۈپ مۇسىررا:** (كۈلۈمسىرەپ) دوستۇم، ئېھتىمال، سەن توغرا ئېيتقانسەن. ئەمما ئۆزەڭ ياۋروپاچە كىيىنىپسەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياۋروپا قاچىلىرىدا تاماق يەيسەن، ياۋروپا ئۈستەللىرىدە ئولتۇرىسەن، ئۆزەڭگە ئۆزەڭ قارشى سۆزلەيسەن. بۇنىڭدىن باشقا، سەن ھەرھالدا ئەرەبچە كىتابلارغا قارىغاندا كۆپرەك ياۋروپا كىتابلىرىنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرىسەن.

**خەلىل:** بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇششاق-چۈششەك نەرسىلەر، بۇلارنىڭ ئەدەبىيات ۋە سەنئەتكە ھېچ ئالاقىسى يوق.

يۈسۈپ: ياق، بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئالاقە بار ۋە ئۇلار خەۋپلى مۇھىم. ئەگەر سەن بۇلارغا چوڭقۇرراق قارىساڭ، سەنئەتنىڭ ئۆرپ - ئادەت، دىنىي ھەم ئىجتىمائىي ئەنئەنىلەر، ئۇنىڭدىن باشقا جەمئىيەتنىڭ ھەرقانداق ھادىسىلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغانلىقىنى چۈشىنىسەن.

خەلىل: مېنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشۈمدە مەن ئۆزلەشتۈرۈۋالغان ياۋروپالىقلارنىڭ ئادەتلىرى بولسىمۇ، لېكىن مەن شەرق ئادىمى بولىمەن ۋە ئۆز ھاياتىمنىڭ ئاخىرىغىچە شۇنداق بولۇپ قالىمەن. ئەرەب ئەدەبىياتى ھېچقانداق چەت ئەللىكلەرنىڭ تەسىرىسىز پەقەت ئەرەب ئەدەبىياتى بولۇپ قېلىشىغا مەن ئىشىنىمەن.

يۈسۈپ: دېمەك، سەن ئەرەب تىلى ھەم ئەدەبىياتىنىڭ ھالاك بولۇشىنى خالايدىكەنسەن-دە؟

خەلىل: يەنە قانداقلارچە؟

يۈسۈپ: قەدىمكى زامان ئادەملىرى يېڭى زامان ئادەملىرىنىڭ مەدەنىي ئۇتۇقلىرىدىن پايدىلانمىسا، ئۇ ۋاقىتتا ئۇلار روھىي جەھەتتىن پەسلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتلىرى ئۆلىدۇ.

خەلىل: بۇنى تېخى ئىسپاتلاش كېرەك!

يۈسۈپ: مېنىڭدە بۇنىڭغا مەكلەغان ئىسپاتلار بار.

[پول سۇلبان بىلەن سەلىم مۇئاۋىنلار كىرىدۇ. ئۇلارنى خانىدا ئولتۇرغانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كۈتۈۋالىدۇ.]

يۈسۈپ: خۇش كەپسىلەر بۇرادەرلەر! (سۇلبانغا قاراپ) خۇش كېلىپسىز سۇرىيىنىڭ بۇلبۇلى!

[يېلىنا سۇلبانغا قاراپ قىزىرىپ كېتىدۇ، ئەمما يۈزىدە خۇشال تەبەسسۇم پەيدا بولىدۇ.]

سەلىم مۇئاۋىن: يۈسۈپ، مەن سېنى قارغايمەن، سەن پولغا زادى بىر ئېغىزمۇ خۇش مۇئامىلە قىلما.

يۈسۈپ: ھە، نېمە ئۈچۈن؟

سەلىم: (يېرىم جىددىي، يېرىم چاقچاق ئارىلاش) چۈنكى ئۇ يا ھۆرمەتكە، يا ماختاشقا، يا شۆھرەتكە لايىق ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭ خۇلقى ۋە ئادەتلىرى ياۋايىلارچە. چۈنكى ئۇ ئەقىلدىن ئازغان!

پول سۇلبان: (سەلىمگە قاراپ) مەن سېنى بۇ ئۆيگە مېنىڭ كەمچىلىكلىرىمنى ھەم خۇلقىمنىڭ يامانلىقىنى ئېيتىپ بەرگىن دەپ باشلاپ كەلگەنمىدىم؟

يېلىنا: قولاق سېلىڭلار، نېمە بولدى؟ سەلىم ئەپەندى، سىز پولنىڭ خۇلقىدا بولغان يېڭى كەمچىلىكلىرىنى ئاچتىڭىزمۇ؟

سەلىم: تا ئۇ ئۆلۈپ، سۆڭەكلىرى توپىغا ئايلانمىغىچە ئۇنىڭ كونا كەمچىلىكلىرى دائىم يېڭى بولۇپ تۇرىدۇ.

يۈسۈپ: قېنى، ھەر ھالدا نېمە بولغانلىقىنى سۆزلىگىنە؟ ھەممە ۋەقەنى بىزگە باشتىن-ئاخىر ئېيتىپ بەرگىنە.

سەلىم: (سۇلبانغا) سەن ئۆزەڭنىڭ جىنايەتلىرىڭنى مېنىڭ سۆزلەپ بېرىشىمگە رۇخسەت قىلامسەن؟ ياكى ئۆزەڭ ئىقرار بولامسەن؟

پول: مەن سېنىڭ قەبرىستانلىقتەك جىمجىت بولۇشۇڭنى خالايمەن، سېنىڭ قېرى ماماينىڭ يۈرىكىدەك توختىشىڭنى خالايمەن.

سەلىم: خوپ، ئەگەر شۇنداق بولمىدىغان بولسا، مەن سۆزلەيمەن.

پول: مەن سېنىڭ بۈگۈنكى سورۇننى بۇزۇۋېتىشىڭنى كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمەن.

سەلىم: ياق. مەن سېنىڭ تارىخىڭنى ئۆز دوستلىرىمىزغا ئېيتىپ بېرىشنى خالايمەن، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى ئېيتىشسۇن.

يېلىنا: (سەلىمگە) سۆزلەڭ، نېمە بولغانلىقىنى بىلىشنى خالايمىز. (سۇلبانغا) ئېھتىمال، سەلىم ئېيتىپ بەرمەكچى بولغان جىنايەتلەردۇر، ھەقىقەتەن ئالىيجانابلىق قىلمىشلاردۇر؟

پول: مەن يا جىنايەتمۇ ئۆتكۈزمىدىم، يا ئالىيجانابلىق قىلمىشلارنىمۇ قىلمىدىم. سەلەرگە

www.uyghurkitap.com

بىزنىڭ دوستىمىز سۆزلەپ بەرگەن دېگەن نەرسىلەر توغرىسىنى ئېيتقاندا ئانچە ئېتىبارغا ئالغۇدەك نەرسە ئەمەس! ئۇنىڭدىن تاشقىرى سىلەرنىڭ مەن توغرىلىق سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ پۈتۈن ۋاقتىڭلارنى ئۆتكۈزۈشۈڭلارنى خالىمايمەن.

يېلمىنا: ياخشى، شۇنداق بولسۇ بىز نېمە بولغانلىقىنى بىلىپ قالايلى.

سەلىم: (تاماكىسىنى تارتىپ، يۈسۈپ مۇسىرانىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ) جانابى ئەپەندىلەر، سىلەر جالال پاشانىڭ ئوغلى ئۆيلەنگەنلىكىنى ئەلۋەتتە ھەممىڭلار بىلىسىلەر. شۇنىڭدەك كۈيئوغلىنىڭ دادىسى سازەندىلەرنى ئەكېلىپ، تاڭ ئاتقىچە قانداق ياخشى ئويۇن - مەرىكىلەرنى قىلىپ شەھەرنىڭ ئاتاقلىق ئادەملىرىنى ۋە شۇ جۈملىدىن مانا بۇ (پولنى كۆرسىتىپ) زىيانكەش ئۇنسۇرنىمۇ تەكلىپ قىلغانلىقىنى بىلەلەر كېرەك. ئەلۋەتتە مېنىمۇ تەكلىپ قىلىشقانىدى، — چۈنكى ھەممە مېنى پولنىڭ كۆلەڭگىسىدەك، ئۇ قاياققا بارسا مېنىمۇ شۇ ياققا بارىدۇ دەپ ھېسابلايدۇ. ھەممە گەپ شۇنىڭدىكى، مانا بۇ بولسا (پولنى كۆرسىتىپ) خۇدايىتائالا ئۇنى ساقلاپ ھەم ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن! — مەن چالغان تەمبۇرغا ناخشا ئېيتىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بىز جالال پاشانىڭ ئۆيىگە خېلى كېچىكىپ باردۇق؛ ئۆزەڭلارگە مەلۇم. بىزنىڭ پول بىر جايغا بارسا دائىم پادىشاھلارغا ئوخشاش كېچىكىپ بارىدۇ. بىز بارغاندا ئۇ يەردە گۇبېرناتور، مىتروپولىت ۋە ئالىيجاناپ چىرايلىق خانىملار، يازغۇچىلار، شائىرلار، بايلار ھەم سىياسەتچىلەرمۇ كېلىشكەنىكەن.

بىز مېھمانلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئولتۇردۇق، ئالدىمىزدا شاراب تولدۇرۇلغان قەدەھلەر تۇراتتى؛ ھەممە پولغا خۇددى ئاسماندىن چۈشكەن پەرىشتىگە قارىغاندەك قارايتتى.

خانىملار ئۇنىڭ قەدەھىگە شاراب قۇيۇپ، ۋازىلاردا ئۇنىڭغا مېۋىلەرنى كەلتۈرۈپ، گۈللەرنى تەقدىم قىلىپ، خۇددى ئۇرۇشتا يېڭىپ قايتقان قەھرىماننى ئاپىنا ئاياللىرى قارشى ئالغاندەك ھۆرمەت قىلاتتى. قىسقىسى، بىزنىڭ باشلانغىچە بىزنىڭ پول ھەممىنىڭ دىققىتىدە ۋە ھۆرمىتىدە بولدى.

مەن تەمبۇرنى ئېلىپ تارلىرىنى چېكىشكە باشلىدىم ... پولنىڭ مەستلىكى يېشىلىپ، مۇقەددەس ئاغزى بىلەن ناخشا ئېيتتى... ناخشىنىڭ سۆزلىرى ئەل - فەرىدنىڭ ①قەسىدىسىدىن ئىدى:

تىنچ تۇرالايدىغان مەن ئەمەس، باشقىلاردۇر،
ئىشققا خىيانەتكار مەن ئەمەس، باشقىلاردۇر!

ھەممە دىققەت بىلەن خۇددى ئەل - مائۇسنىڭ ئۆزى ئۇ دۇنيادىن كېلىپ جەننەتنىڭ ناخشىسىنى ئېيتىۋاتقاندەك، بوينىلىرىنى سوزۇپ پولنىڭ ناخشىسىنى تىڭشايتتى. ئۇ شېئىرنى ئېيتىپ بولۇپ پول جىم بولدى. مېھمانلار پول يەنە بىر قەدەھ شاراب ئىچكەندىن كېيىن ناخشا ئېيتىشنى داۋام قىلدۇرىدۇ دەپ ئويلاشتى، ئەمما پول ئۈنچىقماي ئولتۇرۇۋالدى.

پول: (جىددىي ئاھاڭدا) ئەمدى سۆزۈڭنى مۇشۇنىڭ بىلەن تامام قىلارسەن دەپ ئىشىنىمەن، مەن سېنىڭ بۇ ئەخمەقلەرچە ۋالاقلىشىڭنى ئاڭلاشنى خالىمايمەن. بىزنىڭ دوستلىرىمىز بۇ مەنىسىز سۆزلەردىن ھېچقانداق تەسىرات ئالالماسلىقلىرىغا شۈبھەم يوق.

يۈسۈپ: ئاخىرغىچە ئاڭلاشقا مۇمكىنچىلىك بېرىشىڭنى سېنىڭدىن سورايمەن.

پول: (ئورنىدىن تۇرىدۇ) بۇ ئورۇنسىز سۆزلەر مېنىڭ سىلەر بىلەن بىللە بولغىنىمغا قارى-

① ئەل - فەرىد ئۆمەر ئىبن ئەل - فەرىد (1181—1235) ئەرەبلەرنىڭ مەشھۇر ئۇسلۇبىدىكى شائىرى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى كۆپىنچە ئاللانى ياقلاپ كۈيلەيتتى ۋە ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ مۇھەببەت قوشاقلىرىنى ئىپادىلەيتتى.

غاندا، قىزدىراق ئويۇلمىغاندەك كۆرۈنىدۇ، خەير خوش!

يېلىنا: (پولغا غەلىتى كۆز بىلەن قارايدۇ) ئولتۇرۇڭ پول، ئۇ نېمىلەرنى سۆزلىمىسۇن، بەربىر بىز سىز تەرەپتە. [پول ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ چىرايىدا سەۋرلىك ۋە مۇلايىملىق سېزىلىدۇ.]

سەلىم: (سۆزىنى داۋام قىلدۇرىدۇ) شۇنداق قىلىپ، شۆھرەت قازانغان ۋە جانغا تەككەن پول شېئىرىنى ئوقۇپ بولدى — بار - يوقى بىرلا شېئىر — ئەل - فەرىد قەسىدىلىرىدىن ئىدى ۋە كېيىن جىم بولدى.

ئۇ خۇددى ئاچ قالغانلارغا نەزىر قىلىپ ئاش بەرگەندەك، تەمىنى تېتىتىپلا، ئايىغى بىلەن ئۈستەلنى تېپىپ ئۆرۈپ، قەدەھلەرنى سۇندۇرۇپ، شارابلارنى تۆكۈپ، نىل بويىدىكى سفىنكىسكە ئوخشاش ئۈنچىقماي ئولتۇرۇۋالدى. خانىملار بىرلىرى تۇرۇپ نازۇك سۆزلەر بىلەن يەنە باشقا ناخشىلارنى ئېيتىپ بېرىشنى سوراشتى، ئۇ بولسا: «ماڭا تومۇ تېگىپ قالدى، تامىقىم ئاغرىپ قالدى» دەپ ئۇلاردىن ئۆزرە سورىدى. كېيىن مۆھتەرەم زاتلار، بايلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئۇنىڭ ناخشا ئېيتىپ بېرىشىنى ئىلتىماس بىلەن سوراشتى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆتۈنۈشلىرى قوبۇل قىلىنماي، يالۋۇرۇشلىرى بىكار بولدى. ياق، ئۇ تەۋرەنمەس، تېگىپ بولمايدىغان غەزەپلىك بولۇپ، خۇددى ئاللاتائالا بۇنىڭ يۈرىكىنى تاشقا ئايلاندۇرۇپ كۆكرىكىدە بولغان ئاھاڭلارنى نازۇك كىشىگە ئايلاندۇرغاندەك بولۇۋالدى.

يېرىم كېچىدىن كېيىن، مېھمانلار سورۇنۇپ چارچىغاندىن كېيىن جالال پاشا پولنى قوشنا ئۆيگە چاقىرىپ: «پول ئەپەندى، بىزنىڭ بۇ كېچىمىزنىڭ كۆڭۈللۈك ياكى كۆڭۈلسىز ئۆتۈشى سىزگە باغلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن سىزگە ئاز بولسىمۇ مېنىڭ ھەدىيەمنى قوبۇل قىلىشىڭىزنى سورايمەن، ئۇ ئەلۋەتتە سىزنىڭ ناخشا ئېيتىپ بېرىشىڭىز ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مېنىڭ سىزنى ھۆرمەتلەپ قىلغان ھەدىيەم، سىزدىن مېنىڭ ۋە مېھمانلارنىڭ خاتىرىنى قالدۇرماستىن بىر ئاز ناخشا ئېيتىپ كۆڭلىمىزنى ئېچىشىڭىزنى سورايمەن» دەپ ئوچۇمغا تولدۇرۇپ ئالغان دىنارنى پولنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن پول مەغرۇرلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، غەزەپ بىلەن دىنارلارنى ئۈستەل ئۈستىگە تاشلاپ، غالىب پادىشاھلارنىڭ ئاۋازى بىلەن: «جالال پاشا سىز مېنى پەسلەشتۈرۈۋاتىسىز ھەم ھاقارەت قىلىۋاتىسىز! ھەممە مېھمانلىرىڭىز قاتارىدا مەنمۇ سىزنى تەبرىكلەش ئۈچۈن كەلدىم. مەن سىزنىڭكىگە ناخشا ئېيتىپ، شېئىر ئوقۇپ، ئۆز قەلبىمنى سېتىپ پۇل تاپقىلى كەلگىنىم يوق» دەپ ھۆركىرىدى. مانا شۇ ۋاقىتتا جالال پاشانىڭ ئاچچىقى كېلىپ بۇنىڭغا بەزىبىر قوپال سۆزلەرنى ئېيتىۋەتتى. مانا بۇ پولنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ، لەنەت ۋە ھاقارەتلەر ئېيتىپ پاشانىڭ ئۆيىنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. مەن ئەزەلدىن بەختسىز ئادەم، چىرايلىق يۈزلەرنى، كېلىشكەن قامەتلەرنى، پۇراقلىق شارابلارنى ۋە مەززىلىك تاماقلارنى تاشلاپ، تەمبۇرۇمنى قولتۇقۇمغا قىسىپ، پولنىڭ ئارقىسىدىن چىقىشقا مەجبۇر بولدۇم.

مانا بۇ ئۆتۈپ كەتكەن تەرسا بىلەن دوستلۇقىمىزنىڭ يوقالماسلىقى ئۈچۈن مەن ھەممىنى قۇربان قىلدىم. مەن بۇ بۇتقا شۇنداق قۇربانلارنى قىلساممۇ، بۇ تا شۇ ۋاقىتقىچە مېنىڭ بۇ قىلغان يىگىتچىلىكىمگە ۋە مېنىڭ توغرا دوستلۇق مۇئامىلەمگە ئۆزىنىڭ مىننەتدارلىقىنى ئىزھار قىلمىدى.

يۈسۈپ: (كۈلۈپ) بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئادەم ھەيران قالغۇدەك ۋە يىڭنە بىلەن كۆز چاناقلىرىغا يېزىپ قويغۇدەك ئۇنتۇلماس تارىخىي ۋەقە بوپتۇ!

سەلىم: مەن ئېيتىپ بولغان ۋەقەنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ تۈگەتمىدىم. ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئەھۋاللار ئەمدى ئېيتىلىدۇ، بۇنداق ۋە-

قەلەر توغرىلىق ئىرانىنىڭ ئارىمانى ① ياكى ھىندىلارنىڭ شىۋاسىنىڭ ② ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيدۇ.

پول: (يېلىنىپ) مەن سىزنىڭ ھۆرمىتىڭىزنى قىلىپ قالغانىدىم، ئەمدى سىزدىن ئۆتۈنىمەن، بۇ ياققا ئەمىر قىلىڭ كۆرۈلدەمسۇن.

يىلنا: پول، مەيلى سۆزلەۋەرسۇن! بۇ ۋەقە نېمە بىلەن تامام بولسىمۇ، بىز پۈتۈن قەلبىمىز بىلەن سىز تەرەپتە.

سەلىم: (يەنە يېڭى ئاماكا ئۇتاشتۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلىدۇ) شۇنداق قىلىپ، مەن سىلەرگە بىز جالال پاشانىڭ ئۆيىدىن چىقتۇق دېگەنىدىم، يولدا پول بايلارنى، ئاتاقلىق كىشىلەرنى تىللاپ ماڭسا، مەن بۇنى تىللاپ ماڭدىم. كېيىن بولسا ... سىلەر بۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ ئارقىلىپ كېتىشكەندۇ دەپ ئويلىغانسىلەر؟ ياكى تۈنۈگۈنكى كېچە شۇنىڭ بىلەن ئاياقلاشتى دەپ ئويلامسىلەر؟ سىلەر ماڭا قۇلاق سېلىڭلار ۋە ھەيران بولۇڭلار! سىلەر جالال پاشانىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدا ھەبىب سەئىدنىڭ ئۆيى بارلىقىنى بىلىسىلەر؛ بۇ ئىككى ئۆينى بىر-بىرىدىن كىچىككىنە بىر باغ ئايرىپ تۇرىدۇ. ھەبىب سەئىدى — خىيالپەرەس ۋە مەينى، ناخشىنى ياخشى كۆرىدىغان كىشى؛ پول، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئارزۇ-ھەۋىسى ئىدى. بىز جالال پاشانىڭكىدىن چىققاندا، پول كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇددى تەسلىم بولمىغان دۆلەتنى يېڭىش پىلانىنى ئويلاپ تۇرغان بۈيۈك لەشكەر باشلىقىدەك ماڭلىيىنى تۇتۇپ بىر ئاز ئويلىنىپ تۇردى. كېيىن ئۇ تۇيۇقسىزلا ھەبىب سەئىدىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كۈچىنىڭ بېرىچە ئىشىكىدىكى قوڭغۇراقنى باستى. ھەبىب ئىشىك ئالدىدا كىچىك خالاتتا پەيدا بولدى؛ ئۇ ئەسنەپ، ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى سۈرتۈپ، ئۆزىچە بىر نېمىلەر دەپ غۇدۇڭشىپتتى. ئۇ پولنى تونۇپ ۋە مېنى قولتۇقۇمدىكى تەمبۇر بىلەن كۆرگەندىن كېيىن ئۇيقۇسى دەررۇ ئېچىلىپ، ئۇنىڭغا ئاسماندىن مۆجىزە پەيدا بولغاندەك خۇشال بولدى. ئۇ خۇشاللىقىدا بىزنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ: «سىلەر قانداق دوئالارنىڭ ئىجاۋىتىدىن بۇ ياققا كېلىپ قالدىڭلار؟» دېدى. «بىز سېنىڭ ئۆيۈڭدە جالال پاشانىڭ ئوغلىنىڭ تويىنى ئوينىغىلى كەلدۇق» دېدى پول. «جالال پاشانىڭ ئۆيى سىلەرگە تارچىلىق قىلدىمۇ؛ بۇ مېنىڭ ئەسكى ئۆيۈمگە ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ تويىنى ئوينىغىلى كەلدىڭلەرمۇ؟» دەپ سورىدى ھەبىب. بۇ سوئالغا: «تەمبۇر بىلەن ناخشا ئاڭلىغىلى جالال پاشانىڭ ئۆيىدىكى ئادەملەرنىڭ قۇلىقى يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز سېنىڭكىگە كەلدۇق... بۇ يەرگە مەي ۋە بانانلارنى ئېلىپ كەلگەن، بىكارغا سۆز قىلىپ ۋاقىت ئۆتكۈزمە» دېدى پول. قىسقىسىنى ئېيتقاندا، بىز ئۈستەل يېنىغا كېلىپ ئولتۇردۇق. پول بىر-ئىككى قەدەھ مەي ئىچكەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ پاشانىڭ بېغىغا ئېچىلىدىغان دېرىزىنى ئاچتى ۋە ماڭا تەمبۇرنى سۇنۇپ بۇيرۇق بىلەن: «ئاھ سەلىم مانا سېنىڭ ھاساڭ، بۇنى شۇنداق بىر يىلانغا ئايلاندۇرغىنكى، ئۇ مىسىرنىڭ بارلىق يىلانلىرىنى يۇتسۇن. (نېخاۋەند) ئاھاڭلىرىنى چىرايلىق ۋە ئۇزۇن چالغىن» دېدى. قولىنىڭ بويسۇنۇشىدىن باشقا نېمە ئىلاجى بار، مەن تەمبۇرنى ئالدىم-دە، چېلىشقا باشلىدىم. پول جالال پاشانىڭ ئۆيىگە قاراپ كۆتۈرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى (سەلىم بىر مىنۇت جىم بولۇپ يۈزىنى

---

① ئارىمان — قەدىمكى زاماندىكى ئىرانلىقلارنىڭ (زوروئاستېرىيە) يامانلىقنىڭ باشلىنىشىنى ياراتقۇچى خۇداسى.

② شىۋا — ھىندى مىفولوگىيىسىدە بولغان ئۈچ ئاساسىي خۇدالارنىڭ بىرى بولۇپ، ۋەيران قىلغۇچى ۋە ياراتقۇچى خۇداسى.

جەددىي ئۇسكە كىرگۈزۈپ، ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلايدۇ.)

مەن پولنى 15 يىلدىن بېرى بىلىمەن. مەن ئۇنى كىچىك ۋاقتىدىن، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بىر مەكتەپتە ئوقۇغان كۈنلىرىمىزدىنلا تارتىپ بىلگەنىدىم. مەن ئۇنىڭ خۇشال ۋاقتىدا ۋە قايغۇلۇق ۋاقتىدا ئېيتقان ناخشىلىرىنى ئاڭلىغانىدىم؛ مەن ئۇنىڭ ناخشىلىرىدا بالىسىدىن ئايرىلغاندا يىغلىغان ئانىلارنىڭ ھەسرىتىنى، ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ خۇشاللىقىنى ۋە غالىپلارنىڭ خۇشال-خۇراملىقىنى ئاڭلايتتىم. مەن ئۇنىڭ ئاستا ئۈنىنى پۈتۈن شەھەر ئۇيقىغا چۆككەندە، قاراڭغۇ تۈنلەردە ئاڭلايتتىم. مەن ئۇنى چېركاۋ قوڭغۇراقلىرىنىڭ سىرلىق ئاۋازلىرى بىلەن تولغان لىۋاننىڭ كەڭ ۋادىلىرىدا ئاڭلايتتىم.

مەن ئۇنىڭ بىر قېتىم ناخشا ئېيتقىنىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ قەلبىدىكى ھەر بىر ھەرىكەتلەرنى بىلىمەن دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمما ئاخشام ئۇ جالال پاشانىڭ ئۆيىگە قاراپ، كۆزنى يۇمۇپ:

ھەر كۈنى مەن ئۆز سۆيگىنىمدىن قىلام شىكايەت،

ھەر شىكايىتىمنى ئارتار ھەۋەس نىھايەت...

دېگەن مىسرالارنى خۇددى شامال كۈزدە يوپۇرماقلارنى شىلدىرلاتقاندەك ئوينىتىپ ئېيتقاندا مەن ئۆز-ئۆزەمگە: مەن ئىلگىرى پولنىڭ يۈرىكىنىڭ ئۈستىنىلا بىلگەن بولسام، ئەمدى ئۇنىڭ ئىچكىرىسىگىچە چۈشەندىم. ئىلگىرى مەن پولنىڭ پەقەت ئاۋازىنىلا ئاڭلىغان بولسام، ئەمدى مەن ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ سىرىنىمۇ ئاڭلىدىم دەپ ئېيتتىم...

پول بولسا مىسرا كەينىدىن مىسرانى، ناخشا كەينىدىن ناخشىنى ئېيتماقتا ئىدى، ماڭا ھاۋادا شۇ كەمگىچە ئاڭلىمىغان ئىلھاملار بىلەن خۇددى يەردە مەقسەتلىرىگە يېتەلمەي ئۆلۈپ كەتكەن ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ روھلىرى بىر-بىرىگە، بولۇپ ئۆتكەن مۇھەببەتلىرى توغرىلىق قاراڭغۇ تۈندە، ئىنسانلارنىڭ يوشۇرۇنغان ئۈمىدلىرى بىلەن ئاۋازلىرىنى ئويغىتىپ، ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى خاتىرىلەرنى پىچىرلاپ چاقىرىپ تەكرارلاۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ھە، جانابلار، بۇ ئادەم (پولنى كۆرسىتىپ) ئاخشام يۇلتۇزلار-



غىچە كۆتۈرۈلدى. ھەيران قالغىدەك ئىش، ئۇ تاڭ ئاتقىچە يەرگە چۈشمىدى. كىتابلاردا يېزىلغاندەك بۇ ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرى تا ئاياق ئاستىغا يىقىلمىغىچە، ئۇ ھېچ توختىمىدى. جالال پاشانىڭ مېھمانلىرى بولسا، ھەبىب سەئىدىنىڭ ئۆيىدە ئېيتقان بۇنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ، ھەممىسى دېرىزىنىڭ ئالدىغا توپلىنىپ، بۇنىڭ ھەر بىر ئېيتقان ناخشىسىغا ئۆزلىرىنىڭ خۇشاللىقلىرىنى ئىزھار قىلاتتى ۋە ھەممىسى — ئەرلەر، ئاياللار — ھەر بىر مىسرادىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھەر بىر ئاۋازدىن كېيىن ئۇھ تارتىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. مېھمانلارنىڭ بەزىلىرى باققا چىقىپ، دەرەخلەرنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ راھەتلىنىپ، لەززەتلىنىپ ۋە ھەيران بولۇشماقتا ئىدى. بۇ ئەخمەق ئۇلارنى يەرگە ئۇرۇپ ھاقارەتلىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ يۈرەكلىرىنى ئىلاھىي مەسلىك بىلەن تولدۇردى. بەزىلىرى ئۇنى ماختاپ خۇشامەت قىلىپ، ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىشتى، باشقىلىرى بولسا پوپوزا قىلىپ ھاقارەت قىلىشتى. كېيىن مەن تويدا بولغانلارنىڭ بىرىدىن جالال پاشانىڭ بۇنىڭغا ناھايىتى ئاچچىقى كېلىپ، ئۆي ئىچىدە تۆمۈر قەپەزدىكى شىردەك ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىپ، سۇلتاننى غەزەپ بىلەن تىللاپ، مېھمانلىرىنىڭ مەي تولدۇرۇلغان قەدەھ ۋە تاماقلارنى كۆتۈرۈشۈپ باققا چىقىپ ئولتۇرغانلىقلىرىغا ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

مانا ئاخشام بولغان ۋەقە. قېنى ئەمدى سىلەر بۇ ئەقىلسىزلىقلارغا نېمە دەيسىلەر؟ بۇ ئادەمنىڭ خۇلقى ئېتىبارى، ئۇنىڭ ياۋايىلارچە مىجەزى توغرىسىدا سىلەرنىڭ پىكرىڭلار قانداق؟

خەلىل: ھەيران قالغۇدەك بىر ۋەقە. ئەگەردە مېنىڭ پىكرىمنى بىلمەكچى بولساڭلار، ئۇ ۋاقىتتا مەن پولنىڭ تالانتىغا زوقلىنىمەن؛ لېكىن مەن قانچە ھۆرمەتلىسەممۇ، ئەمما مېنىڭ ئېيتىشىم كېرەككى، ئۇ ئاخشام ناتوغرا ئىش قىلىپتۇ. ئۇ ھەببىب سەئىدىنىڭ ئۆيىدە ئېيتقان ناخشىسىنى جالال پاشانىڭ ئۆيىدە ئېيتسا، بەلكى ئادەملەرنىڭ مۇھەببىتىنى ئۆزىنىڭ سەنئىتىگە تېخىمۇ كۆپرەك جەلب قىلغان بولاتتى. يۈسۈپ ئەپەندى، سەن قانداق ئويلايسەن؟

يۈسۈپ: مەن پولنى ئەيىبلىيەلمەيمەن، لېكىن ئۇنىڭ سىرلىرىنى بىلىشكىمۇ تىرىشمايمەن؛ مەن بۇ ئۇنىڭ شەخسى ئىشى دەپ بىلىمەن. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، سەنئەت ئادەملىرى خۇسۇسەن سازەندىلەرنى ئاددىي ئادەملەرگە قارىغاندا، كۈچلۈك پەرق قىلىشىنى بىلىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى باشقا ئادەملەرنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۆلچىگەندەك ئۆلچەش ناتوغرا ۋە ئادالەتسىزلىك بولىدۇ. رەسسام دېگەندە،— ئۆز تۇيغۇ ۋە پىكىرلىرىنى ئىپادىلەشتە يېڭى شەكىل پەيدا قىلغان ئىجادىي شەخسلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىمەن،— رەسسام ھەممە ۋاقىت ئۆز ئائىلىسىگە ۋە دوستلىرىغا يات، ئۇ، ئۆز ۋەتىنىدىمۇ، ئومۇمەن بۇ دۇنيادا يات. چۈنكى باشقىلار غەربكە قارىسا، رەسسام شەرققە قارايدۇ. رەسسام ئۆزى ئېنىق بىلمىگەن قانداقتۇر بىر يوشۇرۇن تەسىرنى كەچۈرىدۇ. ئۇ بەختلىكلەر ئارىسىدا بەختسىز، بەختسىزلەر ئارىسىدا بەختلىك، كۈچلۈكلەر ئارىسىدا كۈچسىز، كۈچسىزلەر ئارىسىدا كۈچلۈك. ئۇ ئادەملەرگە ياقامدۇ ياكى ياقمامدۇ، لېكىن رەسسام ئۇلارنىڭ قانۇنلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

خەلىل: يۈسۈپ ئەپەندى، سېنىڭ بۇ ئېيتقان سۆزلىرىڭ سېنىڭ گۈزەل سەنئەت توغرىسىدىكى ماقالەڭدە يېزىلغان مەقسەت ۋە پىكىرلىرىڭگە ئوخشاشلا. سەن ماڭا يەنە بىر تەكرارلاشقا رۇخسەت قىل، بىزنىڭ مۇستەقىل مىللەت بولۇپ ياشىيالماسلىقىمىزغا ۋە مىللەتنىڭ يوق بولۇشىغا سەن نەسىھەت قىلغان غەربىي ياۋروپانىڭ روھى سەۋەبچىدۇر.

يۈسۈپ: دېمەك، سەن پولنىڭ ئاخشامقى قىلمىشىنى ياۋروپا روھىنىڭ تەسىرىدىن دەپ ھېسابلاپ، ئۇنى يامان كۆرۈپ نەپرەتلىنىۋاتامسەن؟

خەلىل: مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن پول ئەپەندىنى ھۆرمەتلىسەممۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاخشامقى قىلمىشىغا ئۆزەمنىڭ ئەجەبلەنگەنلىكىمنى بىلدۈرىمەن.

يۈسۈپ: ئۇنداق بولسا، سولىپانىغا ئۆز ئاۋازىنى، ئۆز سەنئىتىنى ئۆزى خالىغىنىچە ۋە خالىغان يەردە ئىشلىتىش ئۈچۈن تولۇق ئەركىنلىك بېرىلمىگەنمىدى؟

خەلىل: توغرا، ئۇ نېمە خالىسا شۇنى قىلىشى مۇمكىن. لېكىن بۇنداق «ئەركىنلىك» بىزنىڭ جەمئىيەت ھاياتىمىزغا توغرا كەلمەيدۇ دەپ ھېسابلايمەن. بىزنىڭ تەربىيىمىز، ئۆرپ-ئادەتلىرىمىز پولنىڭ ئاخشامقى قىلمىشىغا ئوخشاش قىلمىقلارغا يول قويمايدۇ. ئۇ ئۆزىنى ئىنتايىن ئېغىر ئەھۋالغا قالدۇردى.

يېلمنا: بۇ ئىبرەتلىك دۇزاكىرە! لېكىن مۇزاكىرىنىڭ نىشانىسى بۇ يەردە ئۆز ئىچىمىزدە بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئۇ ئۆزىنى ئۆزى ياقلايدۇ.

پول: (خېلى ئۇزاق ۋاقىت جىم تۇرغاندىن كېيىن) مەن سىلەرنىڭ بۇ ۋاقەنى زادىلا سۆزلىمەسلىكىڭنى خالىغانىدىم. توغرىسىنى ئېيتقاندا ئۈنۈگۈن كېچىسى بولغان ۋەقە، شۇ كېچە، بىلەن تامام بولۇپ كەتكىنى ياخشى بولاتتى! ئەمما جانابى بېگىنىڭ سۆزىچە مەن «ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنىم» ئۈچۈن مەن بۇ ھەقتە بولغان ئۆز پىكرىمنى ئېيتىپ ئۆتۈشۈم كېرەك. سىلەر بىلىسىلەر،—شۇنىڭدەك مەن ئۆزەممۇ ياخشى بىلىمەن،— تونۇشلارنىڭ كۆپىنچىسى مېنى ئەيىبلەيدۇ. بەزىلىرى مېنى ئەركىنلىك قىلدۇ دېيىشىدۇ، بەزىلىرى قەستەن شۇنداق قىلدۇ. ھەتتا بەزىلىرى مېنى پەس ئادەم دەپ ھېسابلايدۇ، — پەس ئادەمدە نومۇس بولمايدۇ. بۇنداق ھاقارەتلەرنىڭ سەۋەبى نېمە؟ سىلەر بۇ ھەقتە قانداق ئويلايسىلەر؟ بۇنىڭ سەۋەبى — مېنىڭ خۇلقىمدا. ھە، مېنىڭ خۇلقىمدا،

مەن ئۇلنى ئۆزگەرتەلمەيمەن، ئەگەر ئۆزگەرتىشكە ئىمكانىيەت بولغان بولسىمۇ مەن خالىماس ئىدىم. سىلەر كىشىلەرنىڭ مېنىڭ بىلەن ۋە مېنىڭ خۇلقۇم بىلەن نېمە ئىشى بار دەپ ئېيتىسىلەر؟ ئۇلار مېنىڭ دۇنيادا بارلىقىمنى ئۇنتۇيالامدۇ؟ بىزنىڭ شەھەرىمىزدە ناخشىچىلار، دېكلاماتورلار، سازەندىلەر، شائىرلار ۋە خۇشامەتچىلەر ناھايىتى كۆپ، بولۇپمۇ قىمار چېكىپ تىلەمچىلىككە ئۆگەنگەنلەر كۆپ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاۋازلىرىنى، پىكىرلىرىنى، تۇيغۇلىرىنى ۋە جانلىرىنىمۇ دىنارغا، مەززىلىك تاماقلارغا ۋە بوتۇلكا، مەيگە سېتىشتىن قايتمايدۇ. بىزنىڭ ئاقسۆڭەكلەر ھەم بايلار بۇ سىرنى ئاللىقاچان بىلىۋالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار سەنئەت ۋە ئەدەبىيات ئوغلانلىرىنى ئەرزان باھا بىلەن سېتىۋالىدۇ، كېيىن بولسا، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ياخشى ئاتلىرىنى ياكى بەيتونلىرىنى كوچىلاردا كۆرسىتىپ ماختانغاندەك، ئۆيلىرىدە، سارايلىرىدا كىشىلەرگە كۆرسىتىدۇ. ھە، جانابلار، شائىرلار، ناخشىچىلار شەرقتە — قىمار چەككۈچىلەرنىڭ يىغىلغان يېرى. بۇلار تويلاردا ناخشا ئېيتىشقا، زىياپەتلەرنى قىزىتىشقا، قەبرىستانلاردا ئۆلۈكلەرگە يىغلاشقا مەجبۇر قۇللاردۇر. بۇ سازلار! بۇلارنى ھەم قايغۇلۇق كۈنلىرى، ھەم خۇشاللىق كۈنلىرى تولغاپ چالىدۇ، ئەگەر ئويناشقا ھېچ سەۋەب تاپالمىسا ھېچ قىممىتى قالمىغان نەرسىگە ئوخشاش بىر چەتكە تاشلاپ قويىدۇ. مەن ئاقسۆڭەكلەر بىلەن بايلارنى ئەيىبلىمەيمەن، — ياق، مەن ئۆزلىرىنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن، نومۇسلىرىنى ساقلىمىغان ناخشىچى، ئەدەبىياتچى ۋە شائىرلارنى ئەيىبلەيمەن. مەن ئۇلارنى، بۇ ئۇششاق - چۈششەكلەردىن يۇقىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلەيمەن. مەن ئۇلارنى، پەسلىكتىن ۋە خورلۇقتىن ئۆلۈمنى ياخشى كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئەيىبلەيمەن.

**خەلىل:** (ئەسەبىيلىشىپ) تۈنۈگۈن ئادەملەر سېنىڭدىن كەمتەرلىك بىلەن ۋە ھەر تۈرلۈك يوللار بىلەن ئۆتۈنۈپ پەقەتلا بىرلا ناخشا ئېيتىپ بېرىشىڭنى سورىدىغۇ، جالال پاشانىڭ ئۆيىدە ناخشا ئېيتىشنى سەن ئۆزەڭچە قانداقتۇر بىر پەسلىك ۋە خورلۇق دەپ بىلىشىڭ ئەجەبلىنەرلىكقۇ؟

**پول:** ئەگەر جالال پاشانىڭ ئۆيىدە مەن ناخشا ئېيتالىغىنىمدا، مەن ئېيتقان بولاتتىم. ئەمما مەن ئەتراپىمغا قارىدىم! يىغىلغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك پۈتۈن ئاۋازلارنىڭ ئارىسىدا پەقەت دىنارنىڭ جاراڭلىغان ئاۋازىنىلا ئەلا بىلىدىغان بايلار ئىدى. ياكى باشقىلارنى خورلاپ، يالغۇز ئۆزلىرىنىلا چوڭ تۇتىدىغان ئاقسۆڭەكلەر ۋە ئاداقتىلىق كىشىلەر ئىدى. مەن ئەتراپىمغا قاراپ، نېخاۋەندنى راسادادىن ياكى ئۇششاقنى ئىسپاھاندىن ① ئايرىۋالالايدىغان بىرمۇ ئادەمنى كۆرمىدىم. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇلارغا كۆڭلۈمنى ئاچمىدىم ياكى يۈرەك سىرلىرىمنى ئۇلارغا بىلدۈرمىدىم. ساز بولسا — قەلبىنىڭ تىلىدۇر. بۇ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان، سازەندە يۈرىكىدىن تىڭشىغۇچىنىڭ يۈرىكىگە بارىدىغان دولقۇندۇر؛ ئەگەر سازەندىنىڭ ئالدىدا ئۇنى ئاڭلايدىغان ۋە چۈشىنىدىغان كىشى بولمىسا، ئۇ ئۆزىنىڭ يۈرىكىدىن چىقىرىپ ھەۋەس بىلەن ئېيتالمايدۇ. ساز بولسا ساز قىلىنغان لىرانىڭ تارىدۇر. ئەگەر بۇ تارىلار بوشاپ قالسا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى يوقىتىپ ئاددىي بىر يىپلارغا ئوخشاپ قالىدۇ. (پول سۆزىنى توختىتىپ، سەھنىدە بىر نەچچە قەدەم ماڭىدۇ، كېيىن سۆزىنى يەنە ئاستا باشلايدۇ.) ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن جالال پاشانىڭ ئۆيىدە مېنىڭ تارىلىرىم بوشاپ كەتتى. مەن مېھمانلارغا — ئەر ۋە خوتۇنلارغا قاراپ — ئىككى يۈزلۈكنىڭ يېنىدا نازلىنىپ ئولتۇرغان خوتۇننى، ھەر خىل قىياپەتكە كىرەلەيدىغان ئالدامچى يېنىدا — ئەقىلسىز خوتۇننى ۋە ئەخمەقنىڭ يېنىدا مەغرۇرلىنىپ ئولتۇرغانلارنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ ماڭا قىلغان خۇشامەتلىرى مېنى توختىتىپ قويدى! ئەگەر مەن باشقا ياقا سازەندىلەرگە ئوخشاش بولسام ئىدى، ئۇ ۋاقىتتا ماڭا ھېچكىممۇ ئېتىبار قىلمىغان بولار ئىدى.

**خەلىل:** (چاتچاق قىلىپ پولنىڭ سۆزىنى بۆلىدۇ) دېمەك شۇنىڭدىن كېيىن سەن قەستەن ھەبىب سەئىدنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇلارغا ئۈچلۈك قىلىپ، ئەلۋەتتە شۇ مەقسەت بىلەن — تاڭ ئاتقىچە ناخشا ئېيتقان ئىكەنسەن - دە!

(1) راسادا، ئۇششاق، ئىسپاھان، نېخاۋەند - ئەرەب سازلىرىنىڭ نامى.

پول: مەن تاڭ ئاتقىچە ناخشا ئېيتتىم، چۈنكى مەن يۈرىكىمدىكى ئېغىر ھېسلاردىن قۇتۇلۇشنى ھەم مۈرەمدىكى ئېغىر يۈكلەرنى تاشلاشنى خالىدىم. چۈنكى مەنمۇ تۈنگە، ھاياتقا ۋە تەقدىرىمگە تەن بەردىم. چۈنكى ماڭا پاشانىڭ ئۆيىدە بوشاپ قالغان تارىلىرىمنى يېڭىباشتىن چىڭىتىش زۆرۈر ئىكەنلىكىنى سەزدىم. خەلىل بېك، ئەگەر سەن مېنى قەستەن ئۆچ ئېلىشقا شۇنداق قىلدى دەپ ئويلىساڭ، ئويلاشقا ھەققىڭ بار، ئىختىيار ئۆزەڭدە، سەنئەت — ئەركىن قۇش، بۇ نەرسە قاچان خالىسا - شۇ چاغ كۆكتە ئۇچىدۇ، خالىسا يەرگە چۈشىدۇ ۋە دۇنيادا ھېچقانداق كۈچ بۇنىڭغا كىشەنمۇ سالالمايدۇ ھەم ئۆزگەرتەلمەيدۇ. سەنئەت — بۇ ئالىي بىر روھكى، ئۇنى ياكى سېتىۋېلىشقا ھەم سېتىشقا مۇمكىن ئەمەس. شەرق خەلقلىرى بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىشلىرى كېرەك. ھەقىقىي رەسسام بىزدە قىزىلگۈلگۈرتكە قارىغاندا كەمرەك ئۇچرايدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قەدرىنى بىلىشلىرى كېرەك، چۈنكى ئۇلارنىڭ قەلبى ئاللاتائالانىڭ ئىلاھى مەيى بىلەن تولدۇرۇلغان بىر قۇتىغا ئوخشايدۇ.

يۈسۈپ: پول، مەن ساڭا قوشۇلىمەن. سەن مېنىڭ پىكىرلىرىمنى ھەم ئېيتتىڭ؛ مەن ئۇنى ساڭا ئوخشاش بۇنداق ئېيتالمىغان بولاتتىم! سەن — سەنئەت ئوغلى، مەن بولسام ئاددىي بىر تەكشۈرگۈچىمەن، ئىككىمىزنىڭ پەرقىمىز خۇددى ئېچىتىلغان ئۈزۈم بىلەن يېتىلگەن ۋىنو ئارىسىدىكى پەرقتەكلا.

سەلىم: سۇلىيان — ياخشى ناخشا ئېيتىدۇ دېيىشىدۇ؛ ئۇنى ئاڭلىغانلار ئۇنىڭغا قوشۇلىدۇ ھەم ئىمتائەت قىلىدۇ.

خەلىل: مەن قوشۇلىمەن ۋە ھېچقاچان قوشۇلمايمەن. بۇنىڭغا ئوخشاش پەلسەپە بىزگە ياۋروپادىن تارقالغان كېسەللەرنىڭ بىرى.

يۈسۈپ: ئەگەر سەن، جانابى بېك، سۇلىياننىڭ قانداق ناخشا ئېيتقانلىقىنى ئاڭلىساڭ ئىدى، ئۇ ۋاقىتتا ئەلۋەتتە بىزگە قوشۇلغان بولاتتىڭ ھەم ئۆزەڭنىڭ ھەر قانداق پەلسەپەلىرىڭنى ئۇنتۇغان بولاتتىڭ.

[خىزمەتچى ئايال كىرىدۇ.]

خىزمەتچى ئايال: (يېلىناغا مۇراجىئەت قىلىپ) مۇھتەرەمە، كۈنافا① ئۈستەلگە قويۇلدى.

يۈسۈپ: (ئورنىدىن تۇرۇپ ھەممىگە مۇراجىئەت قىلىدۇ) قېنى مەرھەمەت قىلىڭلار بۇرادەرلەر، بىز سىلەرگە مەززىلىك تاماق تەييارلىدۇق. بۇ تاماقنىڭ تەمى مەززىلىك، خۇش پۇراقلىقى ناھايىتى ئارتۇق بولغىنى ئۈچۈن «سۇلىيانى» دەپ نام ئالغاندۇر.

[ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشىدۇ. يۈسۈپ مۇسەررا، خەلىل بېك، سەلىم مۇئاۋىندىلار چىقىپ كېتىدۇ. سۇلىيان بىلەن يېلىنا زالنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىگە كۈلۈمسىرىگەن ھالدا قارىشىپ تۇرىدۇ.]

يېلىنا: (پىچىرلاپ) تۈنۈگۈن ئاخشام مېنىڭمۇ ناخشىڭىزنى تىڭشىغىنىمنى بىلەمسىز؟

پول: (ئەجەبلىنىپ) يۈرىكىمنىڭ جانانى يېلىنا، بۇنىڭ بىلەن سىز نېمە دېمەكچى بولىسىز؟

يېلىنا: (ئۇيالغان ھالدا تېتىكلىك بىلەن) تۈنۈگۈن كەچقۇرۇنلۇقى مەن ھەدەم مەريەملەرنىڭكىدە ئىدىم. مەن شۇ يەردە قونۇپ قالدىم: ئۇنىڭ ئېرى كەتكەنىدى، ئۇ، كېچىسى يالغۇز يېتىشقا قورقىدۇ.

پول: قېيىن ئاغىڭىزنىڭ ئۆيى ئەل - خاراج كوچىسىدىمۇ؟

يېلىنا: ئۇلارنىڭ ئۆيى بىلەن ھەبىب سەئىدنىڭ ئۆيى ئارىسىدا پەقەت بىرلا تار كوچا بار.

پول: دېمەك سىز مېنىڭ قانداق ناخشا ئېيتقانلىقىمنى ئاڭلاپسىز - دە؟

يېلىنا: مەن سىزنىڭ يۈرىكىڭىزنىڭ ئۈندەشلىرىنى يېرىم كېچىدىن تارتىپ تا، تاڭ ئاتقىچە ئاڭلىدىم. مەن سىزنىڭ ئۈنىڭىزنى ئاڭلاپ خۇددى ئىلاھى بىر ئاۋازلارنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم.

[نېرىدىكى ھوجرىدىن يۈسۈپ مۇسەررا: «پول، بۇ ياققا مەرھەمەت قىلىڭ! كۈنافا سوۋۇپ قالدى!» دەپ چاقىرىدۇ. پول ۋە يېلىنا چىقىپ كېتىدۇ.]

(پەردە چۈشىدۇ)

**نەشرگە تەييارلىغۇچى ئىلياس رەھمى**

① كۈنافا — ماي بىلەن قورۇلۇپ شېكەر ھەم ھەسەل ئارىلاشتۇرۇلغان تائام.




# سابادا تارقىسۇن ناخشام

روزى سايىت

تولۇپ زوقفا چالاي مەرغۇللىتىپ ئامراق دۇتارىمنى،
بايان ئەيلەي ئايا دوستلار خۇشاللىق، ئىپتىخارىمنى.

يېڭى دەۋران، ۋەتەن مېھرى بېرىپ مەزمۇن ھاياتىمغا،
بەخت پەيزىدە چۈمدۈردى گۈزەل ياشلىق باھارىمنى.

ۋەتەن گۈلزارىدا سايراي بولۇپ بۇلبۇل سەھەر - تاڭدا،
سابادا تارقىسۇن ناخشام كېزىپ ئاۋۋالى، تارىمنى.

# ئاشىقمەن باھارىڭغا

تۇرسۇن نىياز

كۆركەمسەن ۋەتەن شۇنچە،
ئاشىقمەن باھارىڭغا.
ئاشىقمەن قۇياش سۆيگەن
نۇرلۇق گۈل جامالىڭغا.

سېنىڭ بەختىڭ، مېنىڭ بەختىم،
بەختىم يوق باھارىڭسىز.
ئارزۇيۇم چېچەك ئاتماس،
بۇ ئالتۇن زامانىڭسىز.

ئىقبالىم كۈلەر ياشناپ،
تەر تۆكسەم دىيارىمغا.
يەتكۈزگەي سېنىڭ ئىشقىڭ
مەنزىلگە - نىشانىمغا.

# كەچقۇرۇن

ئۆمەر ئىمىن

كۈلىدۇ كۆكتە تولۇنئاي،
ئەتراپ ھاۋالىق كەچقۇرۇن،
گۈللۈك، چېچەكلىك سۇ بويى،
ئەنبەر - ئىپارلىق كەچقۇرۇن.

ئۆتىدۇ شۇنچە كۆڭۈللۈك،
دوستلار ئارا باغ سەيلىسى،
ئۇچراشار سۆيگەن يۈرەكلەر،
بۇندا قارارلىق كەچقۇرۇن.

تۆھپىكار بۈگۈنكى ئىشتا،
تاڭلا زەپەرنىڭ كۈيىدا؛
سالىدۇ قىزغىن پاراڭلار،
ھوزۇر ئالارلىق، كەچقۇرۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# دۇتار

ئابدۇكېرىم مەخسۇت

ئاۋازىڭ دىلرابا دۇتار،
ساڭا ئەل ئاشىنا دۇتار،
سىماپتەك ئېرىگەي دىللار،
مەگەر قىلساڭ ناۋا دۇتار.

كۈيۈڭ ئاڭلاپ يۈرەك كۈلگەي،
چىمەندە گۈل - چېچەك كۈلگەي،
جان رىشتىمىسى تارىڭ سېنىڭ،
شۇڭا سەن بېباھا دۇتار.

سېنى چالسام خۇشال ھەردەم،
بولۇر دوستلار ماڭا ھەمدەم،
كۈيۈڭنىڭ ئەۋجىدە بۇلبۇل،
ساڭا چىن مەھلىيا دۇتار.

# دوختۇر قىز

ياسىن ئىمىن

ئاق خالاتلىق دوختۇر قىز،
بال ئاقاركەن سۆزۈڭدىن.
ھاياتبەخش نۇر چاقنار،
بۇلاقتەك شوخ كۆزۈڭدىن.

كۆردۈم سۇلماس باھارنى،
ۋۇجۇدۇڭدا، چېھرىڭدە.
شىپا تاپتى بىمارلار،
شەپقىتىڭدە، مېھرىڭدە.

يۈرەكلەردىن جاي ئالدى،
پەزىلىتىڭ، ھۆرمىتىڭ.
شادلىقىمىز، پەخرىمىز،
سېنىڭ شانۇ - شۆھرىتىڭ.

# گۈزەل ئەخلاق

غاپپار ئەخمەد

گۈزەل ئەخلاق قىزىل گۈلدەك
پۇراق چاچتى دىيارىمغا.
ئۇنىڭ نۇرى يېڭى مەزمۇن
بەخش ئەتتى باھارىمغا.

مۇھىت پاكىز، زېمىن كۆركەم،
ئادەملەر شاد - خۇرام شۇنچە.
ئىناقلىق - ئىتتىپاقلىقتىن،
ئېچىلدى خۇشپۇراق غۇنچە.

ھايات گۈللەپ، چېچەكلەيدۇ،
گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەتتە.
ياشايمىز تىنچ، ئىناق مەڭگۈ،
زامانغا چىن مۇھەببەتتە.

# ئاق قىزىم

ئۆمەرجان روزى

ئوماق قىزىم، ئاق قىزىم،
ئۆستۈڭ تېمەن، ساق قىزىم.
ئىستىقبال ئاسمانىدا
مەغرۇر قانات قاق قىزىم.

شەيدا بولۇپ بىلىمگە،
ئۆچمەس نۇر ئال دىلىڭگە،
تۆھپە قوشۇپ ئېلىڭگە،
شەرەپ گۈلى تاق قىزىم.

# باغ قىزى

ئاۋۇت ساۋۇت

داڭقىڭنى ئاڭلاپ باغ قىزى،
باغىڭنى كۆردۈم، ئارزۇلىدىم.
ئەجرىڭ بىلەن سۆيگۈ ـ ئىجاد
چولپانى بوپ شوخ پارلىدىڭ.

كۆچكەنمىكەن يۇلتۇز توپى،
كۆكتىن ئەشۇ باغقا بۈگۈن.
كۆردۈم ساناقسىز مېۋىنى،
باققاندا ھەر شاخقا بۈگۈن.

ئىلمىي ئۇسۇلدا باغ قىلىپ،
سورت ياراتىپسەن يېڭىدىن.
شېرىن مېۋەڭ تەمى شۇڭا،
كەتمەيدىكەن ئەل تىلىدىن.

كۆيدۈم قولى گۈل تۆھپىكار
باغ پەرىسى ـ جانانىغا مەن.
شۇ يار بىلەن ساپ تەر تۆكەي
باغقا ـ شىكەردىستانغا مەن.

# ئېسىل ئەخلاقنى يار ئەيلە

مەجىت تاش (ئوقۇغۇچى)

دىلىڭ بولسۇن غۇبارسىز ئاق، ئېسىل ئەخلاقنى يار ئەيلە،
بولۇر ئەل ئالدىدا قەدرىڭ ئاڭا جاننى نىسار ئەيلە.

بەختنىڭ تەختىگە مەڭگۈ بولۇشنى ئويلىساڭ سۇلتان،
ئىجاد قىل، ئول ئىجادىڭدىن جاھاندا يوقنى بار ئەيلە.

تېپىپلا ئازغىنە شۆھرەت كۆرەڭلەپ كەتمىگىن ھەرگىز،
ئەبەت كەمتەر خۇلقنى سەن ئۆزەڭگە تىل تۇمار ئەيلە.

مۇشەققەتكە بويۇن ئەگمەي گۈزەل ئىقبالغا ئات سالغىن،
ھالال مېھنەت، ئىجادىڭدىن ئېلىڭنى لالىزار ئەيلە.

# يۇرت سۆيگۈسى

مۇھەممەد ئىمىن ئەخمەد

ئانا يۇرتۇم، ئەزىز دىياردىم،
تۇپرىقىڭدىن يۇرايدۇ ئەنبەر.
دالالىرىڭ، بوستانلىرىڭنى
سۆيۈپ ئاققان سۇلىرىڭ كەۋسەر.

باغلىرىڭدا جەننەت ھۇزۇرى،
قۇچاقلىرىڭ شۇنچە ئۈز، ئاۋات.
چىرايلاردا نۇر ۋە كۈلكىلەر،
گۈل ھۆسنىگە كىرگەن ھۆر ھايات.

خەلقىڭ شۇنچە مېھنەتكە ئامىراق،
يىگىتلىرىڭ ئوت يۈرەك پەرھاد.
پەزىلەتلىك، قولى گۈل ئىشچان
ھۆر قىزلىرىڭ خۇددى پەرىزات.

قۇچاقىڭدا يېتىلگەچ ياشناپ،
ئوغلانلىق چىن پەخرىم بار مېنىڭ.
تەر تۆكۈشكە قوينۇڭغا ئەبەد،
يۇرتىمدە ئەھدىم بار مېنىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# قاراقۇرۇم ئويغۇرلىرىنىڭ ھازىرقى زامان ئۆرپ-ئادەتلىرى

نىزامىدىن ھۈسەيىن

## ئۇلارنىڭ يۇرت - ماكانلىرى

بىز تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىدىن (قاغىلىق، پوسكام، يەكەن تۈزلەڭلىكىنىڭ جەنۇبىقا قىيپاش غەربىي چېتىدىن) چىقىپ ئوتتۇرا قارا قۇرۇم تاغ تىزمىلىرىنى ئارىلاپ، تاغ ئىچىگە ئاتلىق 230 كىلومېتىر ئەتراپىدا ئىچكىرىلەپ كىرسەك، ئوتتۇرا قارا قۇرۇم تاغ ئۈستى تەكشىلىكىگە يېتىپ بارىمىز. دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 5500 مېتىر ئەتراپىدا، جەنۇبىتىن شىمالغا سوزۇلغان بۇ كەڭ تەكشىلىكنىڭ جەنۇبىي قىسمى شىخشۇ - پاخپۇ تەكشىلىكى شىمالىي قىسمى تاختا قۇرام - سەندەل تەكشىلىكى دەپ ئاتىلىدۇ. جەنۇبىي خالاستان (قاغىلىق) دەرياسىنىڭ باش ئېقىمى ئارقىلىق مازاردارا - كۆدە تاغ تىزمىلىرىدىن، شىمالىي زەرەپشان (يەكەن) دەرياسىنىڭ باش ئېقىمى ئارقىلىق سېرىققول - ئاقتۇ تاغ تىزمىلىرىدىن، شەرقىي، كۆكيار، چوپان، قوشراپ ئېدىرلىقلىرىدىن، غەربىي، دۇنياغا مەشھۇر (دېڭىز يۈزىدىن 6500 مېتىر ئېگىز) چوگىرى مۇزلۇقلىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان بۇ تەكشىلىكنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي تېررىتورىيىسىنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ.

بۇ تەكشىلىكنىڭ ھاۋاسى نەم ۋە ئىنتايىن سوغۇق بولۇپ، قىشلىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى ئومۇمەن نۆلدىن تۆۋەن 30 گرادۇس ئەتراپىدا بولىدۇ. قىش پەسلى ئالتە ئايغا سوزۇلىدۇ. ئەتىياز، ياز، كۈز پەسىللىرىنىڭ پەرقى ئانچە چوڭ ئەمەس.

بۇ تەكشىلىكتە ھەر بىرى غەربىتىن شەرققە ئۇزۇنلۇقى 50 كىلومېتىردىن 150 كىلومېتىرغىچە، شىمالدىن جەنۇبقا كەڭلىكى ئىككى كىلومېتىردىن بەش كىلومېتىرغىچە سوزۇلغان 10 چوڭ تاغ ئۈستى ئويمانلىقى بار. تۇتاش كەتكەن بۇ ئويمانلىقلار خۇددى سىمىز بوقىنىڭ ساغرىسىدەك ئېگىزدىن پەسكە سوزۇلغان شىخشۇ، پاخپۇ، يۇلۇڭ، بولۇڭ، ئۇسەس، گۆسەس، چۈپ، ئازغانسال، شۇ شۇ (قاغىلىق تەۋەسىدە)، كەندىرلىك، ساراي (يەكەن تەۋەسىدە) ئويمانلىقلىرىدۇر. بۇ ئويمانلىقلار بىر - بىرىدىن ئاقاز، سەكرەتكە، قۇتلۇق، كۆكئارت، قۇلۇنباغلا، توپەس، ئاچچىق يۇتكەن، كۆككۆلدەك، سېرىق، سەندەل، بۇرقۇم، كۆل، قاراتۇز، توققۇزات قاتارلىق 20 نەچچە داۋان، 10 نەچچە دەريا - ئېقىن، 10 چوڭ قىرغاق (تۆپىلىك) بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. تۆپىلىكلىرى قىش، ياز ئېرىمەيدىغان قار، مۇز بىلەن، ئېتەك-

لىرى قويۇق قاردىغاي، ئۆچ، زوك، ئازغان، مانىدار ئورمانلىقى بىلەن قاپلانغان، ئوت - چۆپ، گۈل - گىيا دىيارى ھېسابلىنىدىغان بۇ ئويمانلىقلاردا قاغىلىق، يەكەن، پوسكام ناھىيىلىرىنىڭ تەبىئىي چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، ئوۋچىلىق بازىلىرى بار. ئۇ يەرلەردە 300 نەچچە يېزا، كەنت، مەھەللە ۋە ئاھالىلەر نۇقتىلىرى بويىچە مۇقىم ئولتۇراقلاشقان (ئاز - ئازدىن توپلىشىپ، كۆپ جايغا تارقىلىپ مۇقىم يەرلەشكەن)، ئاساسەن چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 20 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ياشايدۇ. بۇلار قەدىمدىن بۇيان تۇرغان جايلىرىنىڭ نامى بىلەن) ئازغانساللىق، چۆپلۈك، شىخشۇلۇق دېگەندەك ناملىرى) بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان، ئومۇمىي نام جەھەتتىن «قارا قۇرۇم چوپانلىرى» ياكى «تاغلىقلار» دەپ ئاتىلىدىغان تارىخىي خەلقلەردۇر. بۇلارنىڭ تۇرغان جايلىرى ئادەتتىكى تۈزلەڭلىك رايونلاردىن 200 نەچچە كىلومېتىر يىراق بولۇپ، قاتمۇ قات دەريا، ئېقىنلار بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ھەربىر ئويمانلىق ۋە ھەربىر كەنت، مەھەللىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىمۇ خۇددى تاغ ئىچىدىكى قاپسالما (كىرىش - چىقىش تەس) دەرۋازىسىز تەبىئىي قورغانلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. قاتناش شارائىتى ئىنتايىن ئەپسىز ھەم قىيىن. مەسىلەن: بۇ ئېگىزلىكتىكى چۆپ ئويمانلىقىنىڭ تۆرىدىكى ئىسسىقسۇ ئاھالىلەر نۇقتىسىدىن ئۇلاغلىق قاغىلىق بازىرىغا بېرىپ - كېلىش ئۈچۈن تۆت داۋاندىن ئېشىپ، 50 تىن ئارتۇق تار، تېيىلغاق كېچىكلەردىن ئۆتۈپ، نۇرغۇن خەتەرلىك قىيا، جىلغا، بەللەرنى بېسىپ بىرەر ئاي جاپالىق سەپەر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ يەرنىڭ سىرت بىلەن بولىدىغان ئۇلاغ قاتنىشى ھەر يىلىنىڭ ئەتىياز، كۈز پەسىللىرىدىلا بىر ئىككى ئاي راۋان بولىدۇ. ئېگىز تەكشىلىكنىڭ بۇ بېشىدىكى ساراي، كەنتلىرىنىڭ مەھەللىلىرىدىن ئۇ بېشىدىكى كۆدە ئاھالىلەر نۇقتىسىغا بېرىپ - كېلىش ئۈچۈن ئاتلىق 30 نەچچە كۈن يول يۈرۈش كېرەك.

بۇخىل تەبىئىي شارائىت، بۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ قەدىمدىن بۇيان كەڭ تۈزلەڭلىك رايونلار، يەنى مەدەنىي ئۇيغۇر رايونلىرىدىن، تەرەققىيات بازىلىرىدىن ئايرىلىپ تۇرۇشىغا، چەتتە قېلىشىغا، ئېنىقراق ئېيتقاندا، زامان تەرەققىياتىدىن ئارقىدا قېلىشىغا سەۋەب بولغان.

دېمەك ئۇلار ئەڭ كونا تۇرمۇش ئىزىنى، ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىنى تاشلىماي، ئەجدادلىرى قىلغاننى قىلىپ ياشاپ كېلىۋاتقان ئاھالىلەردۇر. شۇڭا بىز ئۇلارنىڭ ھازىرقى زامان تۇرمۇشىدىن باشقا جايلار (تۈزلەڭلىك ئۇيغۇر رايونلىرى) دا ئۇچرىمايدىغان ياكى بۇ خىل جايلار ئۈچۈن «غەيرى ئادەت»، ھېسابلىنىدىغان نۇرغۇن ئۆرپ - ئادەت شەكىللىرىنى خېلى قويۇق ئۇچرىتىمىز.

مەن بۇ ماقالەمدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر خەلق ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئۆگىنىۋاتقۇچى ۋە تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بۇ تەكشىلىكنىڭ مەركىزىدىكى پۈتۈن تەكشىلىك ئۈچۈن بىر قەدەر ئورتاقلىققا ئىگە بولغان، ئۆزەم تۇغۇلۇپ - ئۆسكەن ئازغانسال، گۆسەس، شۇشۇ ئاھالىلىرىنىڭ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشلىرىنى چۆرىدەپ، پۈتۈن تەكشىلىكتىكى ئاھالىلەرنىڭ بىر قىسىم ئۆزگىچە ئۆرپ - ئادەتلىرى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزلىنىشلىرىمنى بايان قىلىمەن.

## ئىگىلىك ئادەتلىرى

ئاساسەن قوي، قوتاز چارۋىچىلىقىنى ئەنئەنىۋى ئىگىلىك مەنبەئى قىلغان قارا قۇرۇملۇقلار ئەزەلدىن مۇسۇلمان چارۋىچىلىقىدىن باشقا ئىگىلىك تەركىبلىرى بىلەن، يەنى دېھقانچىلىق، قول ھۈنىرى، يەرلىك سانائەت، سودا - تىجارەت، ترانسپورت قاتارلىق ئىگىلىكلەر بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىنىشنى ئادەت قىلمىغان. چارۋا مالدىن ئايرىلغان تۇرمۇش ئۇلارنىڭ نەزە-

www.uyghurkitap.com

رىدە بىر خىل غەيرى قىلىق، ئادەت ئىزىدىن (ئاتا مىراس كەسپىدىن) چەتنىگەنلىك ھېساپلىنىدۇ. ئۆزگىرىشچان تەبىئەت ھادىسىلىرى تۈپەيلىدىن ئۆرلەپ، چۈشۈپ تۇرىدىغان مۇقىمسىز نوقۇل ئىگىلىك ئۇلارنىڭ ماددىي، مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ باشقا جايلاردىكى ئاھالىلەرگە نىسبەتەن جاپالىق، ئاددىي، تۆۋەن، مۇقىمسىزراق بولۇشىغا سەۋەب بولغان.

بۇلارنىڭ جەمئىيەت تۈزۈلمىسىدە قەدىمدىن بۇيان باي، كەمبەغەللىك (ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش - قىلىنىش) مۇناسىۋەتلىرى (ئىقتىسادىي بايلىق ياكى باشقا ئامىللار بىلەن كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە كۆپلەپ بېقىندۇرۇپ تۇرىدىغان ياكى نامراتلىق تۈپەيلىدىن كىشىلەرگە بېقىنىپ ياشايدىغان مۇناسىۋەت) باشقا جايلاردىكىدەك روشەن ۋە ئاشكارا تۈس ئالمىغان. ھەتتا چەترەك جايلاردا مۇنداق مۇناسىۋەتمۇ شەكىللەنمىگەن. ھەر كىم ئۆز كۈچى بىلەن كۈن ئالىدىغان، باي، گادايلىق مۇناسىۋەتلىرى پەقەت بىرلا خىل ناتۇرال ئىگىلىك (ئۆزىنى ئۆزى قامدايدىغان ئىگىلىك) بىلەنلا ئۆلچىنىدىغان ھەم بۇ خىل ئىگىلىك بويىچە باي، گادايلىق دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بۇ جەمئىيەتنى بىز تىل-تۆكۈس سىنىپىي جەمئىيەت قاتارىدىنمۇ تونۇيالمايمىز.

ئۇلار بارلىق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش مەنقۇلاتلىرىنى، تۇرمۇش بىساتلىرىنى (ئاشلىق، كىيىم - كېچەك ۋە باشقا تۇرمۇش بويۇملىرىنى) پۈتۈنلەي سىرتتىن سېتىپ ئالىدۇ، توشۇيدۇ. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 40- يىللىرى بۇ تەكشىلىكنىڭ ئاھالىلىرى ئارىسىدا سىرتتىن كەلگەن تاپاۋەتچى (سودىگەر، كاسىپ، ھۈنەرۋەن) لەردىن بىر توپ گۈگۈتنى بىر قوي تېرىسىگە، بىر قاپ يىڭنىنى بىر ئوغلاققا، بىر قازاننى بىر قويغا، بىرتال ئۇۋ مىلتىقنى بىر ئاتقا تېگىشىدىغان پەۋقۇلئاددە ناھەۋاپىق سودا ئەنئەنىسى بار ئىدى. بۇ يەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى قەغەز پۇل سودىسى ئاساسەن 50- يىللاردىن كېيىن راۋاجلاشتى. ھەم نەرقى - ناۋا سىياسىتى ئاساسىدىكى يېڭى سودا - سانائەت ئەنئەنىسى بىر قەدەر تىكلەندى. دېمەك، بۇ ئېگىزلىككە كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان «خۇدايىم بېرەر، خۇدايىم بەرمىسە تاغلىقلار بېرەر» دەپ يۈرۈيدىغان تاپاۋەتچىلەر بۇ جايلاردا ھازىرقى زامان پۇل سودىسىنى، مەدەنىيىتىنى، يېڭى تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنى تارقاتقۇچى ئەلچىلەردۇر. بۇ يەرلەردىكى ئاھالىلەرنىڭ ھازىرقى زامان چارۋىچىلىق ئادەتلىرىمۇ باشقا جايلاردىكى كەسپىي چارۋىچىلارنىڭ چارۋىچىلىق ئادەتلىرى بىلەن ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ. ئۇلار ھەرقانداق مال پادىسىنى پىيادە باقىدۇ. پىيادە ھەيدەيدۇ. پىيادە كۆچۈرىدۇ. كالىغا مىنمەيدۇ، يۈك ئارتمايدۇ. كالىنى ھەر خىل ماللار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ باقمايدۇ، ئارىلاش سولىمايدۇ، تارقاق باقىدۇ. كالىنىڭ يۇڭىنى قىرقىمايدۇ، مۈڭگۈز، قۇيرۇقلىرىنى كەسمەيدۇ، ئۇلار ئېشەك ۋە خېچىرنى چارۋا - مال ھېسابلىمايدۇ، تېرىسىنى ئىشلەتمەيدۇ، تۇتمايدۇ، قوي، قوتاز، ئۆچكىدىن باشقا مالنى قىرقىمايدۇ، يۇڭىنى ئىشلەتمەيدۇ، ئات، تۆگە گۆشلىرىنى يېمەيدۇ. بايتال، ھىڭگانلارنى ساغمايدۇ، سۈتىنى ئىشلەتمەيدۇ. قوتازنى كۆپ باقىدۇ. ئۇلار، دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان، سوغۇققا، ئېگىزلىككە، ھۆل-يېغىنغا چىدامىلىق، ھېچقانداق يىرتقۇچ ھايۋانغا تەن بەرمەيدىغان، يىل بويى قىشلىق ئوتلاقلاردا تارقاق ئوتلايدىغان، كۆپىيىشى ئاستا، كۈچلۈك، جاھىل، شاش، يېرىم ياۋايى ھايۋان - قوتازنى رەسمىي بېقىمدىكى چارۋا - مال تەركىبىگە كىرگۈزۈپ كۈچىدىن، سۈت، گۆش، تېرە، قىل - چۇپۇرلىرىدىن يېتەرلىك پايدىلىنىشنى كەسپىي ئادەت قىلغان. ھېچقانداق ئات - ئۇلاغ ماڭالمايدىغان، چىدىمايدىغان، مۇشكۈل سەپەرنى قوتاز بىلەن بېسىپ، پۈتۈن چارۋىچىلىق قاتنىشىنى

قوتاز بىلەن ھەل قىلىپ ياشاۋاتقان بۇ خەلقلەر-
نىڭ بۇ خىل قاتناش ماھارەتلىرىنى مەملىكىتىمى-
مىزنىڭ چارۋىچىلىقىدىلا ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا
ئاسىيانىڭ چارۋىچىلىق تارىخىدىمۇ كەم
ئۇچرىتىمىز. ئۇلارنىڭ سېغىنچىلىقى يەنىلا ئاسا-
سەن قوتاز سېغىنچىلىقىدىن ئىبارەت. قوتاز سۈ-
تىدىن سېرىق ياغ، قېتىق، قايماق، سۈزمە، ئەگ-
دەك، ئەجگەدي (تاتلىق قۇرت)، سوغات (ئاي-
راندا ئېتىلگەن سۇيۇق ئاش) قاتارلىق يېمەك-
لىكلەر كۆپ تەييارلىنىدۇ.

چارۋىچىلارنىڭ يازلىق تۇرمۇشى پۈتۈنلەي
ئاق ئۆيلەر (كىگىز ئۆيلەر) دە ئۆتىدۇ. بۇ خىل
كۆچمە ئاق ئۆيلەر ھۆل - يېغىنغا چىدامىلىق،
چوڭ، رەتلىك، پاكىزە قىلىپ تىكىلگەن. ئۇنىڭ
بارلىق جاھازلىرى (كېرىگە، شادا، دەلۋە، ئى-
شىك - تۈڭلۈك، كاشا، قۇر - ئاغامچىلىرى) شۇ-
لارنىڭ ئۆزلىرى تەرىپىدىن تەييارلىنىدۇ. بۇ
خىل ئۆيلەر مۇسۇلمان چارۋىچىلىرىنىڭ (قازاق،
قىرغىز چارۋىچىلىرىنىڭ) يازلىق كىگىز ئۆيلىرى
بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. موڭغۇل،
تىبەت چارۋىچىلىرىنىڭ كىگىز ئۆيلىرىدىن (شۇ-
لارنىڭ دىنىي ئادەتلىرى بويىچە جايلاشتۇ-
رۇلغان، ئىچىگە كىچىك بۇتلار قويۇلغان ھەم
ئىبادەتكە ئولتۇرۇش ئورنى راسلانغان ئۆيلەر-
دىن) پەرقلىنىدۇ.

بۇ يەردە مالنى ھەر يىلىنىڭ 4 پەسلى بويى-
چە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ يۆتكەپ باقىدىغان
ئادەت يوق. قوتازدىن باشقا مال ئىككى پەسىل
(ياز، قىش) بويىچە ئوتلاق قوغلىشىپ بېقىلىدۇ.
قوتاز دائىم دېگىدەك قىشلاقلاردا بىر قىشتا 1 - 2
قېتىم يوقلاپ قويۇش بىلەن قىشتىن چىقىدۇ.
مەخسۇس پادىچىلارنىڭ ئەگىشىپ يۈرۈپ بېقىشى
ھاجەت ئەمەس. ھەر بىر چارۋىچىنىڭ ماللىرى-
دا بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان قولاق ئەنلى-
رى بولىدۇ. قوي، ئۆچكە بىر يىلدا ئىككى قىرقى-
لىدۇ. ئۈستى يېپىق، ئەتراپى تام بىلەن توسۇل-
غان مال قوتانلىرىنى ياساش ئادەت قىلىنمىغان.
ئۆي بېسىپ ئىت بېقىلىدۇ. يۈتكەن قوي، كالا،
قوتازنى يىلىدىن كېيىن تۇۋاق ئىزىدىغا قاراپ
ئىزدەپ تېپىپ ئالىدىغان، ھەر قانداق ھايۋانىنىڭ
مۈرەش، مەرەشلىرىگە قاراپ ئىگىسىنى بىلىپ
ئالالايدىغان زېرەكلىك ئۇلارنىڭ پىشىق ئالا-
ھىدىلىكىدۇر.

## تۇتېملارغا تېۋىنىش ئادەتلىرى

ئىسلام دىنىنىڭ سۈننىي مەزھەپ تۈزۈمىنى
كۆچۈرۈپ كېلىۋاتقان قارا قۇرۇم ئۇيغۇرلىرى-
نىڭ ھازىرقى زامان تېۋىنىش (ئېتىقاتچىلىق) ئا-
دەتلىرى تەركىبىدە غەيرى ئىسلامغا مەنسۇپ تو-
تېملار (ئىپتىدائىي دىنلار) غا تېۋىنىدىغان يەنى
تەبىئەت مۆجىزىلىرىگە، ھادىسىلىرىگە تېۋىنىدىغان
قىلىق - ئادەتلەرمۇ خېلى بار. بۇ ئۇلارنىڭ يەر،
سۇ، ئاسمان، ئاي، كۈن، ئوت، ھايۋان، دەرەخ،
قۇش، ھاشارەت قاتارلىق مەۋجۇداتلارغا تەگرى-
لەر قاتارىدا ئىخلاس قىلىدىغان تۇرمۇش، قىلىق-
لىرىدا ئادەت شەكلى بىلەن ئىپادىلىنىپ كەلمەك-
تە. ئىسلامىيەت ئېتىقات قۇرۇلمىلىرى بىلەن زىچ
بىرىكىپ، ئارىلىشىپ ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان بۇ
خىل غەيرى ئىسلام ئادەتلىرىنى بىز بۇ تەكشى-
لىكنىڭ ئەڭ چەت، ئىچكىرى جايلىرىدا ھەم سىرتى-
قى تەسىرنى رەت قىلىدىغان ئادەت كۈچى كۈچ-
لۈكرەك تەقۋادار ئاھالىلەر تۈركۈمىدە قويۇقراق،
قالغان جايلاردا بولسا سەل سۇسراق ئۇچرىتىپ
تۇردىمىز. بۇ خىل ھالەت ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ
دۇئا - كەلىمىلىرىدە، جامائەت مۇناسىۋەتلىرىدە
ئۇچراپ تۇرىدىغان ئالقىش، ئاغرىنىش، خۇشال-
لىق، قارغىش، ئاغرىق - سىلاق، مۇشكۈلچىلىك
تۇپەيلىدىن قىلىنىدىغان تۈنەك، نەزرە، خەتمە ۋە
باشقا دىنىي پائالىيەتلىرىدە تىل شەكلى بىلەن
«ياراتقان ئاللا ھەققىدە»، «ئاسمان زېمىن ھەق-
دە»، «ئۇچالىق، تىنالىقلار ھەققىدە»، «ئوت، سۇ
گىيالار ھەققىدە» دېگەندەك دۇئالىرى بىلەن ئىپادىلى-
نىپ تۇرىدۇ. دېمەك بىز بۇ خىل دۇئا تىلىدىن

ئاسمان ـ زېمىن، ئوچالىق، تىنىلىقلارنىڭ ئاللا بىلەن تەڭ ئورۇندا قوبۇل قىلىنغانلىقىنى سېزىمىز. قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇپ، مۇسۇلمانچە دۇئا شەكلى بىلەن ئۇتېملاردىن پانا، رەھىم ـ شەپقەت تىلەيدىغان قارا قورۇملۇق ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن بىز يەنە ئۇتېملارغا تېۋىنىشنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى رېئال مىساللىرىنىمۇ كۆپلەپ ئۇچرىتىپ تۇرىمىز.

ئۇلار سەپەرگە چىقىشتا، ئۆي كۆچۈشتە، مال كۆچۈرۈشتە، ئىش باشلاشتا ئالدى بىلەن يەر ـ زېمىنگە ئاتاپ نەزىرە ـ چىراق ئۆتكۈزىدۇ. بىر قىسىم قەدىم جايلارنى «ئۇلۇغ يەر»، «ئۇلۇغ ئارت»، «ئۇلۇغ قىر»، «ئۇلۇغ ئېغىل» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتاپ زىيارەت قىلىپ تۇرۇشىدۇ. ئەل ئىچىدە يەر قۇچاقلاپ يىغلايدىغان، يەر مۇشتلاپ شەرتلىشىدىغان، «يەر يۇتسۇن»، «يەر ئۇرسۇن»، «يەر قۇچاقلارسەن» دەپ قاغىشىدىغان، بوي ـ ئىسرىق سالىدىغان چالما قازانلارنى ياساپ ساقلايدىغان، يۈز ـ قوللىرىغا توپا سۈرتۈپ (تەيەممۇم قىلىپ) ناماز ئوقۇيدىغان، قەدىم جايلارغا دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ئادەتمۇ بار.

ئېقىن سۇغا تۈكۈرمەيدىغان، مىشقىرمايدىغان، يۇندا، ئەخلەت تۆكمەيدىغان، هايۋان، قۇش ـ هاشارەت ئۆلۈكلىرىنى هەم ئۇنىڭ تېرە، تۈك، ئۈچەي، قېرىنلىرىنى تاشلىمايدىغان، سۇدىن نىجادلىق تىلەپ تۇرىدىغان قىلمىشلارمۇ كۈچلۈك ئىجتىمائىي ئەخلاق سۈپىتىدىكى ئەڭ ئومۇملاشقان ئادەتتۇر. بۇ يەردە يەنە چەت جايلاردىكى سۇيى يىل بويى بىر خىل چىقىپ تۇرىدىغان سۈزۈك بۇلاقلارنى (ئۇلار يول دەپ ئاتايدۇ) ئىزدەپ تېپىپ، بۇلاق بېشىدا قان قىلىپ تونەپ دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان ئادەتمۇ بار. بۇ خىل پائالىيەت ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئاغرىقلىرىغا شىپالىق، هاجەتلىرى ئۈچۈن نىجادلىق، مۇشكۈللىرى ئۈچۈن ئاسانچىلىققا ئېرىشىش نىيىتىدە قىلىنىدىغان بىر خىل ئىبادەت هېسابلىنىدۇ. ئازغانسالىدىكى سۆگەت مەسچىت بۇلىقى، گۆسەستىكى ئاقبېل بۇلىقى، شۇشۇدىكى يول باش بۇلىقى ئەنە شۇنداق تېۋىنىش بۇلاقلىرى قاتارىغا كىرىدۇ. بۇ يەرنىڭ خەلقى سۇدا ياشىغۇچى جانلىقلارنى، مەسىلەن، بېلىقنى باقمايدۇ، تۇتمايدۇ، يېمەيدۇ، ساتمايدۇ، ئۆلتۈرمەيدۇ، سۇ قۇشلىرى بىلەن هەپىلەشمەيدۇ.

قۇرغاقچىلىق ياكى هۆلچىلىك ئېغىرراق بولۇپ كەتكەن يىللىرى ئۇلار ئارىسىدا توپلىشىپ قان قىلىپ (مال ئۆلتۈرۈپ نەزىرە قىلىپ) ئاسمانغا قاراپ دۇئا قىلىشىدىغان، خەتمە ئوقۇپ، ياقىلىرىنى تۇتۇپ ئاسماندىن رەھىم ـ شەپقەت تىلەيدىغان، (يامغۇر، قارنىڭ نورمال يېغىشىنى ئىلتىجا قىلىدىغان) جامائەت قىلمىقلىرى ئەدەپ كېتىدۇ. كۈندۈزى كۈنگە، كېچىسى ئايغا قاراپ تاھارەتكە ئولتۇرۇش چوڭ گۇناھ هېسابلىنىدۇ. ئازغانسال ئويمانلىقىدىكى ئويباغ مەھەللىسى بىلەن قورۇلباغ مەھەللىسى ئارىلىقىدا «جاي توغراق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر پارچە تەبىئىي قېرى توغراقلىق بار. كىشىلەر بۇ توغراقلىقنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ئات، ئۇلاغلىرىدىن چۈشۈپ توختاپ دۇئا قىلىپ، توغراقلاردىن ئۆزلىرىگە شاپائەت قىلىشىنى تىلەيدۇ. ئۇنداق قىلمىغان، توغراقلارنى يۇلۇپ تاشلىغان هەر قانداق كىشى ئەلنىڭ نەزەرىدە بالا ـ قازاغا يولۇققۇچى نەس كىشى هېسابلىنىدۇ. بۇنداق كەسكىنلىكى بولمايدىغان، تۆۋىنى تازىلاپ تاۋاپ قىلىپ تۇرىدىغان «جاي توغراق»، «مازار تېرەك»، «بالاگەردان قارىغاي»، «خىزىر تال»، «ئانا سۆگەت»، «سۇت قاراغاچ»لار بۇ ئېگىزلىكنىڭ هەممىلا يېرىدە سىرلىق تېۋىنىش نۇقتىلىرىدۇر. دەرەخ شاخلىرىغا كىر يايمايدىغان، ئۆي بىساتلىرىنى ئاسمايدىغان، پاسكىنا سۇ، يۇندا، قان، هەملارنى چاچمايدىغان ئادەتلەرمۇ ئەنە شۇ خىل «دەرەخ ئۇلۇغ» كۆز قارىشىدىن شەكىللەنگەن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئاغرىقلارنى ئوت بىلەن ئۇچۇقداش، بېشىدىن ئوت ئۆرۈپ كېسەل «داۋالاش»، قىزلارنى ئوتتىن ئاتلىتىپ ئۆرۈش، ئوت ئويناش، توي قىلغان قىزلارنى ئوتتىن ئاتلىتىش، چوغ چايقاپ ئىچكۈزۈش، ئوتقا تۈكۈرمەسلىك، تەرەت قىلماسلىق، ئۆينىڭ ئوتىنى كۆمۈپ ساقلاش، ئۆلگەن كىشىلەرنىڭ چىرىقىنى 40 كېچىكېچە ياندۇرۇپ تۇرۇش، ئوتقا قاراپ يىغلاش، دۇئا قىلىش، زاراخەتنە ئاخشاملىرى ئەتراپتا ئوت يېقىپ شەپپەك تووۋلاش، ئوتقا ياغ چېچىپ ھەم يۈرۈتۈشتەك ئوت پەرەستلىك ئادەتلىرى بۇ يەرنىڭ خەلقىدە ئەڭ ئومۇملاشقان ئاممىۋى ئادەتتۇر. بۇ يەرنىڭ ئوۋچىلىرى بۆرە ئوۋلىمايدۇ. بۆرە تېرىسىنى ئالمايدۇ، بۆرە تېرىسىدە كىيىم كىيمەيدۇ ۋە بۆرە تېرىسىنى ساتمايدۇ. «بۆرە بار يەرنىڭ مېلى تېز كۆپىيىدۇ، ياخشى ئەتلىنىدۇ، بۆرە بار يايلاقتا بەرىكەت كۆپ بولىدۇ» دەپ قارىشىدۇ.

يۇقىرىقى مىساللاردا كۆرسىتىلگەن ئادەتلەرنى بىز بۇ يەردە پەقەت پايدا - مەنپەئەت، ئابروي - ئىناۋەت ياكى ئادەتلا ئاڭسىز قىلىقلار سۈپىتىدە ئەمەس بەلكى شۇ خىل نەرسىلەرگە تېۋىنىش ھەم ئۇلارنى ئۇلۇغلاش ھېسابىدا داۋام ئەتكۈزۈلۈپ كەلگەن دەخلىسىز ئادەتلەر ھېسابىدىن ئۇچرىتىمىز.

بۇ خەلقلەرنىڭ مۇسۇلمانچىلىق ئادەتلىرىمۇ باشقا مۇسۇلمان رايونلىرىدىكى ئادەتلەردەك ئىزچىل ھەم ئۇقۇل ئەمەس. بۇ جايلاردا قەدىمدىن ھازىرغىچە چوڭ مەدرىسەلەر، خانىقالار ھەتتا مۇكەممەلرەك جامائەت مەسچىتلىرى، دىنىي مەكتەپلەر سېلىنىپ باقمىغان، چوڭ ئۆلىما، قارى ۋە مۇكەممەل دىنىي مويسىپىتلەرمۇ، ھاجىلار ھەم دىنىي تەرغىباتچىلارمۇ يەرلىك ئاھالىلەر ئىچىدىن ئانچە چىقمايدۇ. شەرىئەتنىڭ پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت مۇستەھەپ پىرىنسىپلىرى كىشىلەر ئارىسىغا مەزمۇن بىلەن ئەمەس، شەكىل بىلەنلا سۇس تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن.

## ئۆلۈم - يېتىم ئادەتلىرى

قاراقۇرۇملۇقلارنىڭ زاراتگاھلىقلىرى (ئۇلار «بېيتىلىق» دەپ ئاتايدۇ) يول بويلىرىغا، كۆنەس (كۆنگەي)، ئېدىل ئارىسىدىن چەترەك، پاكىز، خەۋپسىز، ھاۋالىق جايلارغا جايلاشقان. زاراتگاھلىققا مال قويۇپ بېرىش، ئوت قالاش، سۇ قويۇۋېتىش، قالايمىقان كىرىپ - چىقىش گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. ئاياللار، قىزلار زاراتگاھلىققا كىرمەيدۇ. غەيرى دىنىدىكىلەرنىڭ كىرىشىگە يول قويۇلمايدۇ. زاراتگاھلىقنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە كىشىلەر ئات - ئۇلاغلىرىدىن چۈشۈپ توختاپ ئايەت ئوقۇپ، دۇئا قىلىپ ئۆتۈشى لازىم. زاراتگاھلىققا دۇئا قىلماي ئۆتمىدىغان، ئەجداد، قوشنا - قولۇمىلىرىنىڭ تۇپراق بېشىنى تاشلىۋېتىمىدىغان، قەۋرىلىرىنى ياغاچ - تاش بىلەن بوسۇرۇپ قويمىدىغان، سۇپۇرۇپ تۈزىمىدىغان قىلىق يامان قىلىق سانىلىدۇ. توغ - شىددە (ئۈچ بۇرجەك بايراق شەكىللىك قۇراق لاتىلار باغلانغان ئۇزۇن خادا، شاخ) قادالمىغان قەۋرە بۇ يەردە ئىگىسىز، مۇساپىر قەۋرە ھېسابلىنىدۇ. مېيىت (جەسەت) جەسەتلەر بويىچە بىر دائىرىنى چۆرىدەپ بىر يەرلىككە بىردىن قويۇلىدۇ. تۇپراق بېشىغا ھەر ئازنا كۈنى چالما قازانلار بىلەن بۇي (ئىسرىق) سېلىنىپ، پارچە - پۇرات تۇپراق نەزىرىسى قىلىنىدۇ.

كېسەل جان ئۈزگەندىن كېيىنلا مېيىت ياتقان ئۆيدىن كېچە - كۈندۈز چىراق ئۆچۈرۈلمەيدۇ. قۇرئان ئۆيدە ئەمەس مېيىت ياتقان ئۆينىڭ تۈڭلۈك بېشىدا ئۈنلۈك ئوقۇلىدۇ. بىز بۇ يەردە تۈڭلۈك بېشىدىن قۇرئان بىلەن ياندىش قويۇلغان، ئۈستىگە مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى تاۋىقىغا چىگداپ قاچىلانغان ئۇنىنى، ئۈستىگە تەتۈر سانجىلغان بىر ياغاچ قوشۇقنى كۆرىمىز، بۇ قىلىق مەرھۇمنىڭ بۇ ئۆيدە رىسقى تۈگىگەن-

لىكنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان. ھېلىقى بىر تاۋاق ئۇنىڭ ئۆلگەن كىشىنىڭ غايىپ تونۇشلىرىغا يەنى تىرىك ۋاقتىدىكى دوستلىرىنىڭ روھىناتلىرىغا قىلىنغان «ئاق نەزرە» ھېسابلىنىپ، تاۋاق بىلەن خالىي جايلارغا قويۇپ قويۇلىدۇ (شامال - بورانىدا ئۇچۇپ تۆگەيدۇ). بۇ تاۋاق، قوشۇق ئىشلىتىلمەيدۇ. مېيىت ياتقان ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە قوش تاھارەتلىك مولىلىدىن باشقا كىشىنىڭ چىقىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

مېيىت بارلىق ئەۋلادلىرى يىغىلىپ بولغىچە بىر كۈندىن ئۈچ كۈنگىچە ساقلىنىدۇ. يېنىدىن ئادەم ئۈزۈلمەيدۇ. ئاش - تاماق ئېتىلىپ تۇرىدۇ. مېيىت چىقىرىلىشتىن بۇرۇن ئىككى پۇتىنىڭ باش بارماقلىرى ئاق لاتا بىلەن بىر - بىرىگە چېتىپ قويۇلىدۇ. ئىككى ئېڭىكى تېڭىلىدۇ. پاكىز سۇغا ئېلىنىپ، ئاق كېپەنلىك بىلەن قوش كېپەنلىنىدۇ. تىرناقلىرى، ياسىغان چىش، سالغان ھالقا - ئۈزۈكلىرى ئېلىپ تاشلىنىدۇ. مېيىت جىنازىغا (تاۋۇتقا) ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن نامىزى ئاق يەردە ئوقۇلىدۇ. مېيىت نامىزىنى مەسچىتتە ئوقۇش ئانچە ئادەت قىلىنمىغان، مېيىت جامائەت بىلەن زاراتگاھلىققا ئېلىپ مېڭىلغاندا، مېيىت ۋارىسلىرى تۇپراق بېشىغىچە سەپ تارتىپ ھازا قىلىپ بارىدۇ. قەۋرە ئومۇمەن ئىككى مېتىردىن چوڭقۇر، ئىچ، تاش يەرلىك بويىچە كولاپ قېزىلىدۇ. مېيىت ئىچ يەرلىككە بېشى قىبلىگە توغرىلاپ قويۇلغاندىن كېيىن، جامائەتنىڭ مېيىتكە ئاتاپ ئوقۇغان دۇئا، تەرىپلەپ بەرگەن ئاخىرەتلىك مەدھىيىلىرى ھۆرۈلگەن كاۋاك چالمىلىرى (ئايەت چالمىلىرى) ئارىلاشقان «يەتتە كەتمەن» توپا بىلەن ئىچ يەرلىكنىڭ ئاغزى ئېتىلىدۇ. تاش يەرلىك دەل شۇ كۈنى كۆمۈلمەيدۇ. نۇرغۇن ئاھالىلەر تاش يەرلىكنىڭ ئۈستىنى كىگىز بىلەن چۈمكەپ مەرھۇمنىڭ قىرقى توشقىچە ئىچىدە يېتىپ قۇرئان ئوقۇيدۇ. ئىچ يەرلىك ئىچىدىكى «ھادىسە»لەرنى تىڭشاپ كۆرۈشىدۇ. مېيىت چىقىرىلغاندا تۇپراق بېشىدا ئۆلگۈچىنىڭ ھال - ئوقىتى، ياش - قۇرامى، جىنسى پەرقى بويىچە ئىسقات - سالات (مېيىت ئۈچۈن بېرىلىدىغان خۇدايى دۇنيا - ۋەج، ئوقەت) تارقىتىلىدۇ. بۇ، ئاساسەن، مەرھۇمنىڭ تىرىك چاغلىرىدا ئۇنتۇپ قالغان گۇمانى ماددىي قەرزلىرى ھېسابىدا بېرىلىدىغان رەخت، يىگىنە-يىپ، پۇل قاتارلىق نەرسىلەر بىلەنلا چەكلىنىدۇ. مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى بارلىق چوڭ - كىچىك قەرزلىرى تۆگىتىلىدۇ. بۇ خىل ئىسقات - سالات ئالغۇچىلار مېيىت ئۈچۈن ئۆيلىرىدە خەتمە، تالاۋەت قىلىپ، قۇرئان، ئايەت ئوقۇپ مەرھۇمنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ئاتاشلىرى لازىم. مېيىت ۋارىسلىرى مەرھۇمنىڭ قىرقى نەزىرىسىگىچە بەللىرىگە ۋە باشلىرىغا ئاق باغلاپ قارىلىق تۇتىدۇ. ساقال - بۇرۇتلىرىنى چۈشۈرمەيدۇ، باش تارىمايدۇ. ئەر - خوتۇنچىلىق قىلمايدۇ، توي قىلمايدۇ. تويى، ئويۇن، كۆڭۈل ئېچىشلارغا بارمايدۇ، كۈلۈشمەيدۇ، مەرھۇمنىڭ تىرىك چاغلىرىدا ئىشلەتكەن، كىيگەن كىيىم - كېچەك، سايمان، بىساتلىرىنى قەدىرلەپ ساقلاش بىر ئۆمۈر بىلەن ئاخىرلاشمايدىغان ئەجداد تەۋەرۈكى دەپ قارىلىدۇ.

بۇ جايلاردا ئۆلۈككە قاتتىق ئۆكسۈپ (ياقا يىرتىپ) ئىچىگە تىنىپ يىغلايدىغان ئادەت يوق. مېيىت ھازا قوشاقلىرى بىلەن چىقىرىلىدۇ. بۇ خىل قوشاقلار مەرھۇمنىڭ تىرىك چاغلىرىدىكى ئەخلاقىي پەزىلىتى، مىجەزى، خۇداكويلۇقى، ئىش - ھەرىكىتى، باشتىن كەچۈرگەن قىسمەتلىرى، قوۋم - قېرىنداشلىرىغا بولغان شەپقىتى، ئەل - يۇرتقا قالدۇرغان تەسىرى، ۋەسىيەتلىرى ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرىدىن توقۇلغان قوشاقلاردىن ئىبارەتتۇر.

www.uyghurkitap.com

مەن ئاتامدىن ئايرىلىپ،
سۇندى قاناتىم قايرىلىپ.
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن،
جانىم ئاتامدىن ئايرىلىپ.

ئانامغا ئاھ ئۇرۇپ يىغلاي،
سۆزىنى يادلىنىپ يىغلاي.
ئىزىنى ئايلىنىپ يىغلاي،
بويىغا زارلىنىپ يىغلاي.

ئاتام ئۆلگەندە يىغلايمەن،
ئانام ئۆلگەندە يىغلايمەن.
سامانىدەك سارغىيىپ دائىم،
يېتىم قالغانغا يىغلايمەن.

كەكلىك قاش قىزىم كەتتى،
خۇدانىڭ ئىگىلىكىگە يەتتى.
جۇدالىق دەردىدە يىغلاپ،
يۈرەك باغرىم كۆيۈپ كەتتى.

بىز ھازىدارلارنىڭ بۇ خىل قوشاقلىرىنى پۈتۈن تەكشىلىك دائىرىسىدە ئىنتايىن جىق ھەم ئومۇمىيۈزلۈك ئۇچرىتىمىز.

ئاخىرەتلىكنى ئالدىن تەييارلاپ قويۇش — بۇ يەردىكى ياشانغانلارنىڭ مۇقىملاشقان ئادەت مىزانى. كېپەنلىك رەختلىرىنى دائىم ئىبادەت جايىنامىزى قىلىپ، ياخشى كۆرگەن نەرسىلىرىنى يېقىن كىشىلىرىگە نەمۇنە ئۈچۈن ھەدىيە قىلىپ تۇرۇش، ئۆلمەي تۇرۇپ بالىلىرىغا، تۇغقانلىرىغا ۋەسىيەت قىلىپ ئاگاھلاندۇرۇش ئادەتلىرىدىمۇ ئامموۋى ئادەتتۇر.

بۇ يەرنىڭ مېيىت نەزىرلىرى باشقا جايلاردىكى مېيىت نەزىرلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن: ئۇلار مېيىت ئۈچۈن بېرىلىدىغان ۋاجىپ نەزىرلەرنى باشقا جايلاردىكىدەك تۆت ۋاقىت (ئۈچى، يەتتىسى، قىرقى، يىلى) بويىچە ئەمەس، بەش ۋاقىت ئادىتى بىلەن ئاداقلىدۇ. ئۇلار بۇ خىل نەزىر تۈزۈمىنى «5 ئۇماچ» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە. بۇ خىل نەزىرلەرنىڭ رەت نۆۋىتى مۇنداق: ئەڭ چوڭ نەزىرە مېيىت ئۆيىدىن چىقىرىلماي، نامىز چۈشۈرۈلمەي بېرىلىدىغان «ئاق ئۇماچ» (ئاق نەزىرە) دۇر. بۇ خىل نەزىرگە ئۇرغۇن مال ئۆلتۈرۈلىدۇ. پۈتۈن يۇرت ھەم چەت جايلاردىن شۇ نامازغا توپلانغان جامائەت ئۈچۈن داستىخان سېلىنىپ تائام تارتىلىدۇ. ھازىدارلاردىن تارتىپ بارلىق جامائەت ئوبدان تويۇنۇپ، مېيىت ئۈچۈن دۇئا قىلىنغاندىن كېيىن مېيىت نامىزى چۈشۈرۈلىدۇ. قالغان ئۈچ ئۇماچ (ئۈچى، يەتتىسى، قىرقى ئۇماچلىرى) يەنە ئوخشاشلا چوڭ ئۆتكۈزۈلۈپ، قىرقىدا ھازىدارلارنىڭ قارىلىق بەلگىلىرى ئېلىپ تاشلىنىدۇ. رەسمىي ھازا ئاخىرلىشىدۇ. «يىل ئۇماچ» مېيىت چىقىپ ئون ئايدىن كېيىنكى 12 ئايدىن ئىلگىرىكى ئارىلىق ئىچىدە بېرىلىپ بولىدۇ. ھەممىلا نەزىرلەرگە جامائەت داستۇرخانسىز كەلمەيدۇ. نەزىرە تائاملىرى ھەر بىر كىشىگە بىردىن ئايرىم - ئايرىم قويۇلىدۇ. قويۇلغان تائامنىڭ ئاشقان قىسمى نەزىرە بولغان ئۆيگە قايتۇرۇلمايدۇ. ھەر كىم يەپ بولالمىغانلىرىنى «زەللە» قىلىپ ئۆيىدە قالغان بالىلىرى، ئەھەللە - مەھەللىسىدىكىلەر ئۈچۈن ئېلىپ كېتىشىدۇ. بۇ خىل «بەش ئۇماچ»تىن باشقا ئۆلگۈچىگە ئاتاپ ۋاقىتسىز قىلىنىپ تۇرىدىغان «ئەۋلادى نەزىرە»، «خۇدايى نەزىرە»، «خالىس نەزىر»، «چۈش نەزىرىسى»، «غايىپ نەزىرە» قاتارلىق نەزىرلەرمۇ ئاز ئەمەس. روزى ھېيت، قۇربان ھېيت، بارەئەت، نورۇز بايرىمى سورۇنلىرىدىمۇ مېيىت ئۈچۈن «ئەسلەش» نەزىرلىرى بولۇپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## كېيىنىش ئادەتلىرى

قارا قۇرۇملۇقلار كىيىم - كېچەكلەردىنىڭ رەڭ خىللىرىنى ئومۇمەن ئۆز مۇھىتلىرىدىكى تەبىئىي مەنزىرىلەرگە يەنى ئۆسۈملۈك، گۈل-گىيا، دەل - دەرەخ، قار، مۇز، قۇش، ھاشاراتلار ۋە ئۇ خىل نەرسىلەرنىڭ ھەر خىل پەسىللەردىكى ئۆزگىرىش ھالەتلىرىگە ئوخشىتىپ (تەقلىد قىلىپ) تاللاشنى ئادەت قىلىشقان. ئۇلار قىزىل، سېرىق، ئاق رەڭلەر تۈركۈمىگە مەنسۇپ توقۇلمىلاردىن قىشلىق تاش كىيىملەرنى كىيەيدۇ. تۇم قىزىل، تۇم سېرىق، تۇم ئاق، تۇم قارا توقۇلمىلاردا تۇۋتاش كىيىم كېيىۋالغانلارنى «غەلىتە كېيىنگەن»، «سەت ياسانغان»لار قاتاردا مەسخىرە قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە قىزىل رەڭ قاننىڭ، سېرىق رەڭ ئاپەتنىڭ، قارا رەڭ قاراڭغۇلۇقنىڭ، ئاق رەڭ ماتەمنىڭ بەلگىسى دەپ قارىلىدۇ. ئەر-ئاياللارنىڭ تاش كىيىملىرى دىگۈدەك گۈللۈك، ئاياللارنىڭ ئىچ كىيىملىرى گۈللۈك، ئەرلەرنىڭ ئىچ كىيىمى پۈتۈنلەي گۈلسىز توقۇلمىلاردىن تىكىلىدۇ. ھەرقانداق كىيىم تىزدىن ئاشقان ئۇزۇن بولۇشى لازىم. تۈگمىلەنگەن، يانچۇقلۇق، كالتە كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىش بىر خىل غەيرى قىلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ھەر خىل دوپپىلارنى كىيىش ئادەت قىلىنمىغان. 1950- يىللاردىن كېيىن ھازىرقى زامان كىيىم - كېچەكلىرى بەزى جايلارغا تەسىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئادەت كۈچىنىڭ چەكلىمىسى بىلەن كېيىلمىگەن. قىز - ئاياللار ئاق لېچەك، گۈللۈك ياغلىقلارنى گېلىدىن چىگىپ ئارتىۋالىدۇ. لېچەك ئۈستىدىن تۇماق كېيىۋېلىش بىر قىسىم چوڭراق ئاياللارنىڭ ئادىتى.

**باش كىيىملىرى:** بۇ يەردە باش كىيىملەرنى بازاردىن سېتىۋېلىش ئادىتى يوق، ئۆز يەرلىرىدە تەييارلىنىدۇ. ئەرلەر قىشلىق، يازلىق تېرە تۇماقلارنى (ئۇ يەردە «تەلپەك» دەپ ئاتىلىدۇ)، كىگىز قالپاقلارنى، ئاياللار كۆرپە تۇماقلارنى كىيىدۇ. ھەر خىل دوپپىلارنى كىيىشنى ئادەت قىلىمىغان. ئەرلەرنىڭ تۇماق شەكلى ئۈچ خىلغا (چوڭ قوي تېرىسىدىن قاسقان تۇتۇلغان سالۋا تۇماق، پاقلان تېرىسىدىن قاسقان تۇتۇلغان شىرەمەس تۇماق، قوزا كۆرپىسىدىن قاسقان تۇتۇلغان كۆرپە تۇماق) بۆلۈنىدۇ. ئاياللارنىڭ ئىككى خىلغا (كۆرپە تۇماق، ئۆلۈك تۇغۇلغان قوزا تېرىسىدىن تىكىلىدىغان تەقىر تۇماق) بۆلۈنىدۇ. كۆرپە، تەقىر تۇماقلار ئومۇمەن يازلىق، قالغانلىرى قىشلىق تەييارلىنىدۇ. تۇماقلارنىڭ قاسقىنى يېرىم غېرىچتىن بىر غېرىچقىچە كەڭ، ئۆزى چوڭقۇر تىكىلىدۇ. ئەرلەرنىڭ ئەستەر - تاشسىز، ئاياللارنىڭ ئاساسەن تاشلىق بولىدۇ. رەڭگى ھەرخىل، تۆت تالالىق، يۇمىلاق، چىرايلىق تىكىلگەن تۇماقلارنى قىرلاپ كىيىۋالغان ياشلار تۈزلەڭلىك رايونلاردا تىكىلگەن ھەرخىل تۇماقلارنى ياراتمايدۇ. تۇماقلارنىڭ قىسىلچىلىقىدىن يانچۇق ئورنىدا پايدىلىنىش ئۇلارنىڭ ئادىتى. ئىككى بۇرجىكىدىن چەك قويۇلغان پۆپۈكلۈك كىگىز قالپاقلارنى يازدا كۆپرەك كىيىدىغان ئادىتىمۇ بار.

**ئېغىزمان كىيىملىرى:** باش، ئاياق كىيىملەردىن باشقا كىيىملەر (ئۇچا كىيىملىرى) بۇ يەردە ئېغىزمان كىيىملىرى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يەرنىڭ خەلقىدە ئومۇمەن قىشتا ئۈچ قات (كۆينەك، ئۇزۇن ئىچ كىمزول، تون ياكى جۇۋا)، يازدا ئىككى قات (يازلىق كۆينەك، يەكتەك) كىيىدىغان ئادەت بار. بۇ خىل كىيىملەر ئۇزۇن بولغىنى ئۈچۈن قىشتا پاختىلىق شىملارنى، تېرە ئىشتانلارنى كىيىش ئادەت قىلىنمىغان. قىشلىق كىيىملەرگە پاختا ئورنىغا يۇڭ ئىشلىتىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس، كىيىم - كېچەكلەر ئاساسەن شۇ يەرلەرنىڭ ئۆزلىرىدە، بالىلارنىڭ كىيىملىرى ئائىلىلەردە تەييارلىنىدۇ. ئاياللارنىڭ ئۇزۇن چاپانلىرى ياقا، بەل، ئالدى گىرۋەكلىرىگە كۆمۈش تەڭگىلەر، ئىسىل مونچاقلار قادالغان، كەڭ ياقىلىق، كەڭ، قوش پەشلىك تەييارلىنىدۇ. تالالىق ئۇزۇن كۆينەكلىرى ياقا، ئالدى گىرۋەك،

يەڭ ئۇچلىرىغا چىرايلىق گۈل، كەشتىلەر قوندۇرۇلغان، بوغما ياقا، كەڭ ئېتەك، كەڭ بەل تەييارلىنىدۇ. جۇۋا كىيىش ھەممە ئۈچۈن ئورتاق ئادەت، جۇۋىلار يازلىق، قىشلىق تىكىلىدۇ، ئەر - ئاياللارنىڭ پەرقلىق بولىدۇ. لېكىن بىر قىسىم كىشىلەر ئىچىگە كىيىدىغان پەس يۈڭلۈك كالتا جۇۋىلارنىمۇ تىكتۈرىدۇ.

بۇ يەرنىڭ ئۆزگىچە بىر خىل تاش كىيىمى «كېپىنەك تون» دۇر. بۇ خىل تون يۇمشاق يۇڭ ياكى تەۋىتلەردىن تىكىلمىسىز، ھەر خىل يىپلاردىن جىيەك تۇتۇلۇپ چىرايلىق تەييارلىنىدۇ. ھەر بىر ئائىلە ئۆزلىرى تەييارلاپ ئالىدۇ. رەڭگى ئاق، ئىخچام كېلىدۇ. تاش كىيىمنى قېلىپ قىلىۋېلىپ قالپاق، يېمى ياساش شەكلى بىلەن يۇڭ، تەۋىتتىن كىگىزگە ئوخشاش تەييارلىنىدىغان بۇ خىل قويما تونىنى مالچىلار بىلەن ياش ئوۋچىلار جىقراق كىيىدۇ. ئەرزان، چىدامىلىق، يەڭگىل، ئىسسىق بولىدىغان بۇ خىل «كېپىنەك تون» ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى كىيىم-كېچەكلىرى تەركىبىدىلا غىل-پال يادلىنىدىغان، جانلىق تۇرمۇشتا يوقىلىپ كېتىۋاتقان، پەقەت مۇشۇ خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشىدىلا ئانچە - مۇنچە ساقلىنىپ تۇرغان بىر خىل نەمۇنىدۇر.

**ئاياغ كىيىملىرى:** بۇ يەرنىڭ خەلقىدە ئۆتۈك، بەتىنكە، مەسە - كالاچ قاتارلىق سانائەت ئاياغلىرىنى، زاۋۇت پايپاقلىرىنى كىيىدىغان ئاممىۋى ئادەت يوق (ئۇ خىل كىيىملەر «تاغ كىيىملىرى» قاتارىدىن ئورۇنمۇ ئالالمايدۇ، ئەلۋەتتە). ئۆچكە، كالا، قوتاز تېرىلىرىدىن تىكىلىدىغان ھەر خىل ئۇزۇن، كالتە چورۇقلار، شىرە (كالا، قوتازلارنىڭ خام تېرىلىرىدىن تىكىلىدىغان بىر خىل ئادەتتىكى ئاياغ كىيىمى)، جوراپ (بىر خىل قېلىن يىپ پايپاق) ۋە يۇڭ پايپاقلار بۇ يەرنىڭ ئاساسلىق ئاياغ كىيىملىرىدۇر. بۇ خىل ئاياغ كىيىملەر تەكشىلىكنىڭ ئۆزىدە، ئائىلىلەردە ھاجەتلىك ئۆلچەم، رەسىملەردە قول ھۈنىرى بىلەن چىرايلىق، كۆركەم، يۇمشاق، يەڭگىل، پۇختا، ئىسسىق، ئەپچىل قىلىپ تەييارلىنىدۇ. ئاياللارنىڭ، قىزلارنىڭ چورۇقلىرى ئاساسەن سەل جىگەررەڭ بويالغان يەرلىك قول خۇرۇمى، قېيىش (قول بىلەن ئوۋۇلاپ ئىشلەنگەن چەم) بىلەن تىزغا كەلگۈدەك ئېگىز، ھەر خىل چۇچۇلۇق، ئەرلەرنىڭ چورۇقلىرى ئادىراق ئىككى خىل (بىرسى كالتا، بىرسى ئۇزۇن) تىكىلىدۇ. ئۇشۇقىدىن گۈللۈك قۇلار بىلەن (يەرلىكتە توقۇلغان بىر خىل يىپ بوغۇچلار بىلەن) بوغۇپ كىيىشكە توغرا كېلىدىغان بۇ خىل ئاياغ كىيىملەر يەكەن، قاغىلىق، پوسكام قاتارلىق ئورغۇن جايلاردىمۇ تارىختىن بۇيان ئاممىۋى ئاياغ كىيىملىرى تەركىبىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە. يالاڭ ئاياغ يۈرۈش بۇ يەردە سەت ئادەت ھېسابلىنىدۇ.

قارا قۇرۇملۇقلار ئۆز جايلىرىنىڭ تەبىئىي شارائىتى، ئىرىقچىلىق ئادەتلىرى، ئىگىلىك خاراكتېرى ئاساسىدا يۇقىرىقىدەك يەرلىك ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەك پورمىلىرىنى، كىيىنىش ئادەتلىرىنى ساقلاپ، داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئازادلىقتىن كېيىن تۈرلۈك سانائەت كىيىملىرىنىمۇ يېڭىلىق، يېڭى مەدەنىيەت شەكلىدە بارا - بارا قوبۇل قىلىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، مەدەنىي، يېڭى تۇرمۇشلىرىنى بېيىتىشقا يۈزلەنمەكتە.

## ئۆي تۇتۇش ئادەتلىرى

قارا قۇرۇملۇقلار ئىچكەركى، تاشقارقى ئۈستى يېپىقلىق كەڭ ئايۋانلار ئىچىگە ئېلىنغان بىر چوڭ ئىشىك ئىچىدىكى چوڭ ئۈچ خانىلىق ئۆيلەرنى يەنى ساراي، مېھمانخانا، قازناقتىن تەركىب تاپقان ئۈچ ئىشىكلىك، بىر يۈرۈش ئۆيلەرنى سېلىپ ئولتۇرىدۇ. ئۆز ئۆگزىلىك، تۈنۈك قويۇلغان بۇ خىل ئۆيلەرنىڭ ئەتراپى ھويلا تاملىرى قوشۇلۇپ، قوشۇمچە مۇلازىمەت ئۆيچىكلىرى بىلەن كېڭەيتىلىپ، چوڭ دەرۋازىلىق مۇقىم، كۆركەم ھويلا-ئىمارەت شەكلىگە كىرگۈزۈلگەندىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

كېيىن، ئەترايىغا ھەر يىلى 8-ئايدىن كېيىن پىشىدىغان تاغ ئۆرۈكلىرى بىلەن كۆچۈملەشتۈرۈلگەن كىچىك باغلار، ئات-ئۇلاغ ئېغىللىرى تەييارلىنىدۇ. ئۆي-ئىمارەتلەرنىڭ ئۆگزىلىرىگە لاي سىلىنماي، يۇمشاق ئەت تۇپا سېلىنىپ ئۈستىدىن ئوت-خەس ئۈندۈرۈلىدۇ. كونىكور (قاسقان ياكى شەپكە شەكىللىك سايىۋەن) چىقىرىلمايدۇ. دەرۋازا، ئىشىكلىرى دائىم كۈن چىقىش تەرەپكە قارايدۇ. ئۆي-ئايۋانلارنىڭ ئىچ يۈزىگە، ھەر تۈرلۈك نەقىش ۋە نەقىشلىق نوۋەي، تاكچا (ئويۇق) ھەم ئوچاق (ئىسسىنىش ئۈچۈن)، مورا ئويۇلىدۇ. ئۆيلەرنىڭ ئىچكى يەر يۈزى تۈپتۈز راسلىنىپ، ھەر خىل كىگىزلەر قەۋەتلەپ سېلىپ قويۇلىدۇ. مېھمان كۆرۈپ كۆرپىلەر سېلىنىدۇ. ھەممىلا ئادەم يۆكۈنۈپ ئولتۇرۇشقا ئادەتلەنگەن. ئۆيلەرگە سۇپا، چوڭ ياغاچ تۆشەك (بەنچاك)، كارۋاتلارنى قويۇش، سېلىش ئادەت قىلىنمىغان. ئايۋانلار سۇپىلىق بولىدۇ. ئادەتتىكى چاغلاردا قىش كۈنلىرى 20 دىن 30 غىچە، ياز كۈنلىرى 40 دىن 50 كىچە، مېھمان بىمالال قونالايدىغان بۇ خىل ئۆي ئىمارەتلەردە 200—300 كىشىلىك توي جامائىتىمۇ قىسىلماي ئۇزايدۇ. ساراي، قازناق ئۆيلەرگە چوڭ كات ساندۇقلار (كىيىم-كېچەك، بوخچا-بۇغۇنچە سېلىنىدىغان ئۇچ ئېغىزلىق يوغان ياغاچ ساندۇقلار) خاپانلار، (تۆت-بەش تاغار ئۇن پاتىدىغان قوش ئېغىزلىق تۆت پۇتلۇق تۈز ساندۇقلار) قويۇلىدۇ. ئائىلە بىساتلىرى ھەر خىل كىگىزلەر، پاختىلىق يوتقان، كۆرپىلەر، يوتقان جۇۋىلار (يۇڭلۇق قوي تېرىلىرىدىن تىكىلگەن تېرە يوتقانلار) ئىككى بېشى گۈل قۇراقلىق تەكىيىلەردىن ئىبارەت. يېپىنچە-سېلىنچە بىساتلار يەرگە كۆركەم يۆك قىلىپ يىغىلىدۇ. يىغىلغان يۆكتىن شۇ ئائىلىنىڭ باي، كەمبەغەللىكىنى، دەرھال قىياسەن بىلىۋېلىش مۇمكىن. بۇ خىل بىساتلار مېھمانلار، چوڭلار، ياشلار، بالىلار، بويىچە جىنسى پەرقلەر ئاساسىدا ئايرىم-ئايرىم تەييارلىنىدۇ. بەزى-بىر ئائىلىلەردە قىش كۈنلىرى يۇمشاق كىگىزلەرنى يوتقان، كۆرپە ئورنىدا پايدىلىنىدىغان ئادەتلەرمۇ بار. ئائىلە ئەزالىرى ياش-قۇرامى، جىنسى پەرقى، خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە ئايرىم-ئايرىم ئۆيلەردە يېتىپ قوپىدۇ. مېھمان قونغان ئۆيلەرگە ئۇششاقلار كىرمەيدۇ، داستىخانغا ئولتۇرمايدۇ. مېھمان دەرۋازا ئالدىدا كۈتۈپ ئېلىنىدۇ، ئۇزىتىلىدۇ. ياشانغان مېھمانلارنى قولتۇقلىرىدىن يۆلەپ، كۆتۈرۈپ ئاتلاندۇرىدىغان ئادەت بار. بەزى قەدىرلىك مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ياز كۈنلىرى ئۇسسۇزلۇق ئاق (قېتىق دوغ، ئايران) كۆتۈرۈپ كۆز يېتىمى يەرگىچە تازىم بىلەن باردىغان، يوللىرىنى سۈپۈرۈپ، قوللىرىنى سۆيۈپ، ئات، ئۇلاغلىرىنى يېتىلەپ ھۆرمەتلەيدىغان ئادەتنى بىز دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. چوڭراق ئەر تۇغقانلار بىلەن يېقىن كىشىلەر بىر-بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ، ئادەتتىكى ئەر كىشىلەر ئىككى قول بىلەن تۇتۇشۇپ، ئاياللار يۈز يېقىشىپ، بالىلار بىر-بىرىگە چاپلىشىپ كۈلۈشۈپ كۆرۈشىدۇ. مۇسىبەت مېھمانلىرى مۇسىبەت كىيىملىرىنى (ئېقىش ھەم گۈلسىز توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن كۆك، بوز، يېشىل كىيىملەرنى) كىيىشىپ، يىراقلاردىن ھازا قوشاقلىرىنى ئېيتىپ ئاستا كېلىشىدۇ. يىغلىشىپ، قۇچاقلىشىپ دىدارلىشىدۇ. توي مېھمانلىرى تويلۇق كىيىملىرى بىلەن يىراقلاردىن غەزەل، قوشاق، كۈلكە، باردىكاللا سادالىرىنى ياڭرىتىپ كېلىپ ئۆز رەتلىرى بويىچە سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرۇشىدۇ. بىر-بىرلەپ كۆرۈشۈش ھاجەت ئەمەس.

پۈتۈن ئەل ئىچىدە تۆر قوغلىشىپ ئۆي تۇتىدىغان، سورۇن تۈزەيدىغان بىر خىل مۇقىم ئەنئەنىۋى ئادەت بار. يەنى ئۆي ئىچىدىكى ئوچاق مورىسىنى ئاساس قىلىپ چىقىرىلغان ئىككى

تۆرنىڭ ئوڭ تەرىپىدە دائىم شۇ ئۆينىڭ چوڭ ئاتىسى، سول تەرىپىدە ئەڭ چوڭ ئانىسى مۇقىم ئولتۇرىدۇ. ھەر قانداق مېھمان مۇشۇ ئىككى كىشىنىڭ سول قولىدىن باشلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئولتۇرۇش ئورۇنلىرى بويىچە قاتار ئورۇن ئېلىشى لازىم. ھەر قانداق چوڭ-كىچىك سورۇننىڭ ھەممىسىدە مۇشۇ خىل ئولتۇرۇش مۇقىم ئادەت ھېسابىدا ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن سىزنىڭ بوۋىڭىز (چوڭ دادىڭىز) تارىختا ئۇنىڭ بوۋىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرۇپ كەلگەن بولسا ھازىر سىزمۇ يەنىلا ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىلا ئولتۇرۇشىڭىز شەرت. بۇ ئادەت ئەر-ئايال، چوڭ كىچىكلەر بويىچىمۇ يەنى شۇ خىل ئادەت ئاساسىدا داۋام قىلىنىدۇ. بىز بۇ يەرنىڭ سورۇنلىرىدا 80 ياشلىق بوۋاينىڭ ئوڭ تەرىپىدە (تۆرىدە) 20 نەچچە ياشلىق يىگىتنىڭ، 70 ياشلىق مومايىنىڭ تۆرىدە 18 ياشلىق قىزنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى دائىم كۆرۈپ تۇرۇشىمىز ئەنە شۇ خىل ئادەت تۈپەيلىدىندۇر. بۇ خىل ئادەتكە ئەمەل قىلىنمىسا چوڭ-چوڭ كۆڭۈلسىزلىكلەر كېلىپ چىقىدۇ.

بارلىق ئائىلىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش بويۇملىرى (ئورۇن كۆرپە، ئاياق-قوشۇق، چۆگۈن-قاچىلار) شۇ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ تۈرلۈك پەرقى ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە ئايرىم-ئايرىم مۇقىم خاسلىق ئاساسىدا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن ئاتىنىڭ ئاش-تاماق يەيدىغان ئاياق، قوشۇقى شۇ كىشىنىڭ ئاتىسىدىن قالغان خاس، مۇقىم ئاياق-قوشۇقتىن ئىبارەت. قالغانلارنىڭمۇ ئاتا-ئانىلار تەقسىم قىلىپ بەرگەن ئەنە شۇ خىل مۇقىم ئاياق-قوشۇقلىرى بولىدۇ. ئورۇن كۆرپە، سايمان، ئۇلاغلارمۇ مۇشۇ قائىدە ئاساسىدا ئىشلىتىلىدۇ. ھەر كىم تاماقنى قاچىسىغا ئاراپ يەيدىغان، ئورۇن-كۆرپە، سايمان، جابدۇقلارنىمۇ شۇ قائىدە ئاساسىدا تۇتىدىغان بۇ خىل ئادەت ئائىلە ئەزالىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش مىزانىدۇر. ئۆيلەرگە مەش، تام مەشلەرنى قويۇش، ياساش ئادەت قىلىنمىغان. ئىسسىنىش، تاماق پىشۇرۇش مورىلىق شور ئوچاقلار ئارقىلىق بولىدۇ. ئوتۇن، چىغ، تەسكەن (بىر خىل پاكار غوللۇق چاتقال ئۆسۈملۈك)، تېزەك، ماياق قالىنىدۇ. نان يېقىلىدۇ. تونۇر سېلىش ئادەت قىلىنمىغان. ئېقىن سۇ ئىچىلىدۇ.

خەلق ئىچىدە مۇكەممەل ئائىلىۋى مىراسخورلۇق ئادەت تۈزۈملىرى بار. بارلىق كۆچمە ۋە كۆچمەس مۈلۈكلەر، سالاھىيەت، ئىمتىيازلار شۇ ئائىلىدىكى تېخى ئۆي بولۇپ چىقىپ كەتمىگەن ئەڭ چوڭ ئوغۇل بىلەن ئانىغىلا مەنسۇپلىشىدۇ. ئاتا مىراسى ئوغۇللارغا تەڭ، قىزلارغا ئۈچتە بىر ئادەت پرىنسىپى، مەسىلەن، بارلىق ئىقتىسادىي مۈلۈك نەق پۇلغا سۇندۇرۇلغاندا 300 يۈەن قىممىتىدە بولغان بولسا 200 يۈەننى ئوغۇل، 100 يۈەننى قىز ئالىدىغان پرىنسىپ بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ. بىۋاسىتە بېقىلغان نەۋرىلەرگە، ئۆگەي پەرزەنتلەرگە پرىنسىپ جەھەتتىن مىراس بېرىلمەيدۇ. ئانىغا ئوغۇللار بىلەن تەڭ نىسبەتتە بىر كىشىلىك مىراس تەقسىم قىلىنىدۇ. ئائىلىنىڭ ئىچكى تۇرمۇش بويۇملىرى بىلەن ئۇششاق مۈلۈكلەر مىراس تەقسىماتىغا كىرگۈزۈلمەيدۇ. ئۆيدە قالغان چوڭلارنىڭ كۈندىلىك ھالىدىن خەۋەر ئېلىش شۇ ئۆيدىكى ئەڭ كەنجى ئوغۇلنىڭ ئىلكىگە قالىدۇ. ئۆي بۆلۈپ كەتكەن ئوغۇللار چوڭلارنى دائىم يوقلاپ، خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشى، ئۆلگەن ئاتىسىنىڭ تىرىك چاغلىرىدىكى ئىمتىياز، سالاھىيەتلىرىگە، قەرز، مەجبۇرىيەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىشلىرى لازىم. ئۆلگەن ئاتا-ئانىلارنى ئۆي بۆلۈپ كەتكەن ئوغۇللار بىرلىكتە چىقىم قىلىپ ئۇزىتىدۇ. قىزلار، نەۋرىلەر، ئانىلار ياكى باشقىلار بۇنداق چىقىملارنى مەجبۇرىيەت ھېسابىدىن ئاساسەن بويىنىغا ئالمايدۇ.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




## بىلىم توغرىلىق ناخشا

مەجىت ئابدۇراخمان (ئىشچى)

بىلىمنى بىر دېڭىز دېسەك ئۇ قايناق،
دولقۇنى ئۇيغۇتار دىلدا مۇھەببەت.
بىلىمنى نۇر دېسەك جىلۋىسى پارلاق،
نادانلىق تۈنىنى قوغلايدۇ ئەبەد.

بىلىمنى يار دېسەك، ئۇ، ئۆز ۋاپادار،
ۋاپادار تەڭداشسىز، گۈزەللىكتە ئاي.
خىسلەتلىك قانات ئۇ، بولسا ئىلىكىڭدە
ئاسمانمۇ، يۇلتۇزمۇ بېرەر ساڭا جاي.

بىر ئالتۇن ئاچقۇچ ئۇ، ھېكمەتنى چەكسىز،
تەككۈزسەڭ تىلسىمات سىرىنى ئاچار.
نەق ئاچقۇچ، ھېكمەتلىك زۇلپىقار بەلكى،
تاغ يارار، چاقماقتەك نۇرىنى چاچار.

بىلىمنىڭ يولى كەڭ. داۋانى ئېگىز،
ئىلگىرلە، كۈلىدۇ ئىستىقبال شەكسىز.
قانائەت غارىغا كىرىپ ئۇخلىساڭ،
يەتمەيسەن بىلىمنىڭ ۋەسلىگە ھەرگىز.

كى بىلىم دېمەك، قىل ئەجىر دېمەكلىك،
تىرىشقىن سەن شائىر ـ سەھەر دېمەكلىك.
بىلىم ئوكيانىدىن سۈزگەن جاۋاھىر،
ئەۋلادقا قالدۇرغان گۆھەر دېمەكلىك.

ئۇ يىراق ھورۇنغا، باتۇرغا يېقىن،
قاراڭغۇ مۇشكۈل ھاڭ بار ھەم يولىدا.
ئىزدىنىش چۆلىدە قالدۇرساڭ ئىزلار،
ياشايسەن ئۆلمەستىن خەلقىم دىلىدا.

## كىتابلىرىم

تۇرسۇن ئابدۇقادىر

ئادەملەر ھاياتتا يىغاركەن بايلىق،
بەزىسى مال ـ مۈلۈك بەزىلەر نەق پۇل.
ھەتتاكى بەزىلەر يىغىپ زەر ـ ئالتۇن،
بالا ھەم نەۋرىگە ئېچىپ بېرەر «يول».

مەندە يوق زەر ـ ئالتۇن ۋە ياكى كۆپ پۇل،
خىيالىم بۇ يەڭلىغ بايلىقتىن يىراق.
ۋە لېكىن ھېسابسىز كىتابلىرىم بار،
(قاراڭغۇ تۈنلەردە يېقىلغان چىراق).

ھەر كۈنى ئۇيقۇسىز ئوقۇيمەن كىتاب،
بەزىسى ئەسلىتەر قەدىم چاغلارنى.
بەزىسى كۈلدۈرەر باغلاردا مېنى،
بەزىسى كۆرسىتەر ئۆلمەس تاغلارنى.

ۋە بەزى كىتابنى كۆرگەن چېغىمدا،
خىيالىم قۇشىدا چىقىمەن ئايغا.
ئايغۇ، ئاي، ئادەملەر يۈرۈنلا بارغان،
ئۇچۇمەن ئىنسانلار بارمىغان جايغا.

بەزىدە يۈرۈيمەن چەت ئەللەردە،
ناتونۇش ئادەملەر بىلەن دوست بولۇپ.
قەلبىم شاد يايرايدۇ شۇنداق مىنۇتتا،
دۇنيانى كەزگەنگە ئۆيدە ئولتۇرۇپ.

ئەبەدى سۆيىمەن كىتابلىرىمنى،
سۆيۈشنى ئۆگەتتىي بالام - نەۋرەمگە.
ۋەسىيەت شۇ بولسۇن مېنىڭدىن دوستلار،
مەن ئۆلسەم قويۇڭلار ئۇنى قەۋرەمگە.

# خالىمايمەن چۈشتىن لەززەت ئېلىشنى

ئايشەم نىياز (ئوقۇغۇچى)

شېرىن ئۇيقۇ... زەنجىرسىمان شېرىن چۈش،
شۇنچە، تاتلىق، شۇنچە، لەززەت ئۇ چۈشلەر.
ئۇنداشادلىق، ئۇندا ۋىسال، گۈزەللىك،
ئۇندا ئەركىن قانات قېقىپ ئۇچۇشلار.

بىردىن چۆچۈپ كۆزۈم ئاچسام رېئاللىق،
قەلەم تۇتقان پېتى ئۇخلاپ قاپتىمەن.
دېرىزەمدىن ئاي ماراپمۇ كېتىپتۇ،
ئەپسۇس! پەقەت چۈشتىن لەززەت ئاپتىمەن.

شېرىن ئۇيقۇ يوقال، مېنى ئالدىما،
سېھىرلىك ئەمدى كۆزلىرىمنى يۇمالماس.
چولپان يانار ئەتە سۈبھى كۆكسىدە،
ئۇ رېئاللىق، ئۇ، چۈش كەبى يوقالماس.

# ئىككى شېئىر

ماخمۇد مۇھەممەد

## ئادەم بىلەن گۈزەلدۇر ئادەم

باغدا گۈزەل كۆرۈنمىگەن بىر چېچەك،
يار قىسقاندا ئەجەپمۇ ئۇز كۆرۈندى.
يارمۇ گۈزەل ئىمدى ئەسلى، ۋەلېكىن —
شۇ چېچەكنى قىستىيۇ، تۇز كۆرۈندى.
بۇ مىسالدىن بىر ھېكمەتنى ئۇقۇپ ئال،
دوستلار ئارا بولغاي خىسلەت تولۇقلاش.
كەمچىلىكسىز ئادەم بولماس دۇنيادا،
ئادەم بىلەن ئادەم گۈزەل، بىل يولداش!

## دەريادىن سادا

بىر كۈنى دەريادىن كەلدى بىر سادا:
— ئېيتىپ قوي، شائىرلار يازمىسۇن مېنى.
ئۈيۈلۈپ قالمىدىن ماختاشسا بەزەن،
مەن ئۆزەم بىلمىگەن خىسلەتلىرىمنى.
سۆيۈمنى سۇ دېسۇن، دېمىسۇن شەربەت،
تېشىمنى تاش دېسۇن، جاۋاھىر ئەمەس؛
قاراتاش جاۋاھىر دېيىلسە ئەگەر،
نېمەدەپ ماختىشار جاۋاھىرنى، بەس!؟

# ئۈچ شېئىر

مۇختار خېلىل

## دورىغان، دورىمايمەن

يىغلاتتىم، ئىمەسقىلايتتىم،
مېنىش دوراپ كىچىكلىكىمدە.
غەيرەت قىلىپ ئېرىق ئاتلايتتىم،
ئەشۇمۇ بىر يۈرەكلىكىم - دە.

چوڭ يۈرەكنى ئاتامدىن ئالدىم،
ئۆرنەك قىلدىم ئانام خۇلقىنى.

دوراپ يۈرۈپ چوڭ بولۇپ قالدىم،
كەلتۈرگىدەك كىشى زوقىنى.

دورىسامۇ، دورىغاندىمەن،
بۇ، كىشىلىك ھايات يولىدا.
مېڭىشىمنى ئۆزۈم بىلىمەن،
دورىمايمەن ئىجاد يولىدا.

## ئاتامغا

(بىر دوستۇمنىڭ خاتىرە دەپتىرىدىن)

ئۆتۈكۈڭنى سالدۇردىڭ،
چىلاپ بېرەر نېمىڭنىمۇ.
يۈز يۇيۇشقا سۇ ئېپ كىرەر،
سىلاپ قويار تېنىڭنىمۇ.

دۈشكەلدىيسەن جان ئانامنى،
گاھىلىرى بانىسىزلا.
دېگۈم كېلۇر ئەي ئاتىجان،
توغۇلدۇڭمۇ ئانىسىزلا؟! ...

## ئۆزگىرىشچان خۇي

گويا بۈركۈت چاغلايسەن،
دوستۇم ئۆزۈڭنى.
باشقىلارغا سانجىيسەن،
نەشتەر سۆزۈڭنى.

شىر ئالدىدا تۈلكىدەك،
قىلىسەن سۈكۈت.

ئەمما چۈجە ئالدىدا،
بولىسەن بۈركۈت.

«چىمۇدىن قونسا غىڭشىيسەن،
كالتەك تەگسە جىم».
ئۇنداق خۇيىدىن بىزلەرنى،
ساقلا ئىلاھىم.

# چۆلدىكى بۇلاق

يۈسۈپ كېرەم

كۆيلىنىپ كەلىدىغان زامان - زاماندىن،
چۆللەردە ئۇچرىغان جىرەن كۆز بۇلاق.
سەن چۆللەر كۆركىسى، ھاياتلىق سۈيى،
ھاياتنى ئۇلۇغلاپ ئوقۇيسەن قوشاق.

لەۋ قۇرۇپ يەتكەندە جان ھەلقۇمىغا،
ئۇلاشتى بويۇڭغا قانچىلاپ كارۋان.
قاندۇرۇپ چاڭقاق لەۋ تەشنالىقىنى،
ئۇزاتتىڭ كۆزلىگەن مەنزىلگە ئامان.

شادلىنار سىنىڭدىن سۇ ئىچكەن كىشى،
پەرىلەر لېۋىدىن سۇ ئىچكەن كەبى.
چۈنكى سەن دېڭىزنىڭ ئۇماق سىڭلىسى،
ئانار يەر باغلىغان رىشتىڭنى تەبىئىي.

قورۇيسەن ۋە لېكىن قورۇماس دېڭىز،
مىڭ يىللار دولقۇنلاپ تۇرىدۇ ھامان.

ئۆمۈرىڭ دېڭىز ھەم بولاقتا ئوخشاش.
ئۆلمەيدۇ ئادەمزات، ئۆلمەيدۇ ئىنسان.

تەبىئەت ئانىسى كۆكتىكى قۇياش.
سىز يىگەندەك چۆلدىكى بولاق كۆزىنى؛
ئۆلمەيدۇ چىن ئىنسان، خۇددى سىنىڭدەك
قالدۇرسا ھاياتقا ئۆچمەس ئىزىنى.

# مەن تۇپراق بالىسى

مۇھەممەد ئەخمىدى (ئوقۇغۇچى)

تۇغۇلار ئادەملەر تۇپراقتا،
جانىجان ئانىمنىڭ مېھرىدىن.
بەختكە ئېرىشسە پەرزەنتى،
نۇر ياغار ئانىمنىڭ چېھرىدىن.

قامىتىم پاك جايغا چۈشكەچكە،
تۇپرىقىم سىنى كۆزگە تۇتتىيا.

ياشايدۇ سىنى بىلەن مەۋجۇدات،
ھەم ئۆسەر ئۈستىڭدە گۈل - گىيا.

سۆيىمەن مەن سېنى ئەزىزلەپ،
جېنىمدىن ئارتۇقراق كۆرىمەن.
مەن مۇشۇ تۇپراقنىڭ بالىسى،
شۇڭلاشقا پەخىرلىك كۈلىمەن.

# ئىككى لىرىكا

ئۆمەرجان غوپۇر

## قايدىسەن

دىلنى مەسخۇش ئەيلىگەن ئۈزھۆرى غىلمان قايدىسەن،
تەندە تاقەت قويمىغان ئەي دىلغا مېھمان قايدىسەن.

دولدۇلغا يول بەرمەس كىمىككە زۇلپىدا سالما سېلىپ،
كۆزدە قىلغان بىھۇش رۇخسارى پالۋان قايدىسەن.

كۈلكىسى بىرلە قەلب ئوكيانىنى مەۋج ئالدۇرۇپ،
ئاھ...دېسەم سوغلا نەزەر سالغان زوراۋان قايدىسەن.

## قارلىق تاشلاپ قاچتى قىز

خىيال بىلەن ئولتۇرسام دېرىزەمنى ئاچتى قىز،
تىنىق، شەھلا كۆزىدە ھايا بىلەن باقتى قىز.

تۇرۇپ قالسام ھاڭۋېقىپ، ئۈيۈلۈشنىڭ ئىلكىدە،
شوخلۇق بىرلە ئالدىمغا قارلىق تاشلاپ قاچتى قىز.

ئۆزى قاچسا مەيلىدى، بىللە قاچتى يۈرىكىم،
غەمسىز دىلغا ئىشقىنىڭ ئوتلىرىنى ياقتى قىز.

# ئەركە

ئابدۇقادىر جالالىدىن (ئوقۇغۇچى)

كىمەر كۆكۈش تۇمانلارنىڭ قېتىمغا،
دولقۇنلانغان ئويغاق دەريا ئېقىمىنى.
كېلىپ سۆرەن يىراق ئۇپۇق لېۋىدىن،
تاشلىنىدۇ كۆزگە بولۇت چېقىمىنى.

تۇتەكلەشكەن كۆكنىڭ سانسىز قەترىسى،
مەدەت بېرەر ھاياتىغا دەريانىڭ.
يېقىپ چاڭقاق داللارغا كۆكسىنى،
ئۆز ئەركىسى بولار يېشىل دۇنيانىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# داغ چۈشكەن گۆھەر

روسلاردا «بىرىنچى ساھىپجامال» دەپ نام ئالغان ناتالىيە نىكولايېۋنا گونچاروۋانىڭ تالانتلىق شائىر ئالېكساندىر سېرگېيېۋىچ پۇشكىن بىلەن قوشۇلغانلىقىنى كىشىلەر ئەڭ كۆڭۈللۈك قوشۇلۇش دەپ قاراشقان ئىدى. بىراق، ناتالىيەنىڭ دۇنيادا تەڭداشسىز بولغان گۈزەل ھۆسن - جامالى شائىرنىڭ بالدۇر ئالەمدىن ئۆتۈشىگە ۋە ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك بەختسىز بولۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولدى. كىشىلەر پۇشكىننىڭ قازاغا ئۇچراش سەۋەبىنى ناتالىيەگە دۆڭگەپ كەلدى. شۇ سەۋەبتىن ناتالىيە بىر ئەسىر - دىن كۆپرەك «ياغلىق قاپاق» بولۇپ كەلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئايال يازغۇچىسى ئاگنىيا كوزنىتسوۋا بۇ ۋەقە ئۈستىدە جاپالىق دەلىللەش خىزمىتىنى ئىشلەپ، يېڭىدىن تېپىلغان نۇرغۇن ھۆججەت - ماتېرىياللارنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، يۈز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت تارقىلىپ يۈرگەن يالغان - ياۋىداق گەپلەرنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، تارىخنىڭ ئەينەن قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، بىر ئالىيجاناب رۇس ئايالىنىڭ ئوبرازىنى يېڭىباشتىن ياراتتى.

ناتالىيە ئاتاقلىق بىر ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان. ئۇ كىچىكىدە ئىنتايىن ياخشى ئائىلە تەربىيىسىنى ئالغان، ئۇنىڭ زېھنى ئۆتكۈر بولۇپ، رۇس، فرانسۇز، نېمىس، ئىنگلىز تىللىرىغا كامىل ئىدى. ئۇ ئەدەبىيات ۋە مۇزىكىنى ياخشى كۆرەتتى؛ ئۇ ئاتىسىنىڭ ئالاھىدە قابىلىيىتىگە، ئانىسىنىڭ گۈزەل جامالىغا ۋە زىلۋا بويىغا ۋارىسلىق قىلغان، ئەقىللىق ۋە چىرايلىق قىز ئىدى. ئۇ ياش شائىر پۇشكىننىڭ شېئىرلىرىنى ئالاھىدە قىزىقىپ ئوقۇيتتى. نۇرغۇن شېئىرلىرىنى يادا بىلەتتى. ئۇنىڭغا «خاسىيەتلىك ئادەم» سۈپىتىدە چوقۇناتتى.

1928 - يىلى قىشتا موسكۋادا ئۆتكۈزۈلگەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بىر قېتىملىق ئەدەبىيات كېچە - لىكىدە ئۇنىڭغا پۇشكىن بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىش پۇرسىتى كېلىدۇ. ئۇ شائىرنىڭ كېلىشكەن قەددى - قامىتىنى كۆرۈپلا كۆيۈپ قالىدۇ. ناتالىيەنىڭ تەڭداشسىز گۈزەللىكى شائىرنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇلار ئۇنجى قېتىم ئۇچرىشىشتىلا بىر - بىرىگە ئاشىق بولۇپ قالىدۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي پۇشكىن ناتالىيەگە تۇرمۇش قۇرۇش تەلىپىنى قويىدۇ. پۇشكىننىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى نام - ئاتىقىنى ناتالىيەنىڭ جەمەتى ياخشى بىلەتتى. بىراق، ئۇ تۆرىلىك ئورنى يوق ئەدىب ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «دېكابىرىستلار» غا چېتىلىپ قالغان «خەۋپلىك ئۇنسۇر» ئىدى. شۇ سەۋەبتىن شائىرنىڭ تۇرمۇش قۇرۇش تەلىپى رەت قىلىنىدۇ. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ناتالىيەنىڭ ئانىسى دوستلىرى ئارقىلىق پۇشكىننىڭ ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ تەڭداشسىز تالانتلىق شائىر ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، قىزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىشىغا يول قويىدۇ. 1831-

يىلى ئېپرېلدا پۇشكىن ناتالىيە بىلەن بەختلىك قوشۇلۇپ داغدۇغىلىق توي مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ.

تويدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى بەختلىك ئۆتىدۇ. ناتالىيە ھەر كۈنى سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆي ئىشلىرىنى جايىدا سەرەمجانلاشتۇرىدۇ. جىمجىت ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇيدۇ، رەشلىيە ئىشلەيدۇ. شائىرنىڭ پۈتۈن زېھنى بىلەن شېئىر يېزىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. كەچتە پۇشكىنغا ھەمراھ بولۇپ، ئەتراپنى ئايلىنىدۇ. ئۇلار «پادىشاھ يېزىسى» دىكى بىر ھەشەمەتلىك داچىدا تۇراتتى.

ناتالىيە ئەمەلدە 16 ياشقا كىرگەن چېغىدا، ئانىسى ئۇنى ئوردا تانسىسىغا باشلاپ بارىدۇ. پادىشاھ بويىغا يەتكەن جىلۋىدار بۇ گۈزەل قىزنى بىر كۆرۈپلا كۆزى چۈشىدۇ. ھەددىسىلا ئۇنى تانسىغا تارتىپ تۇرىۋالىدۇ. پادىشاھ ئالىملىرىنىڭ كۆز ئىشارىتىدىن ئۇنىڭ مەقسىتىنى ئېنىق چۈشەنگەن ناتالىيە پادىشاھتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، دائىم پۇشكىننى ئېلىپ دالا، چىغىر يوللارنى ئايلىنىشقا كېتىدۇ. بىر كۈنى ناتالىيە كۈتۈلمىگەندە، پادىشاھقا ئۇچراپ قالىدۇ. ئۇ شۇ يىلى 18 ياشقا كىرگەن بولۇپ، تېخىمۇ گۈزەللىشىپ، ئاجايىپ چىرايلىق بولۇپ كەتكەن ئىدى. پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ نۆكەرلىرى ئۇنى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ. پادىشاھ ناتالىيە بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ تۇرۇش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پۇشكىننى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە ۋەزىپىگە تەيىنلەپ، دۆلەت ئارخىپخانىسىدا يېزىقچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا بۇيرۇيدۇ. كېيىن يەنە «ئىچكى ئوردا نۆكىرى» دېگەن پەخرى نام تارتۇق قىلىدۇ. لېكىن پۇشكىن بۇ ئىنئاملاردىن مىننەتدار بولمايدۇ. ئۇ كېسەلنى سەۋەب قىلىپ، ئوردىغا بارمايدۇ. پادىشاھ بۇنىڭدىن قاتتىق نارازى بولىدۇ، لېكىن ناتالىيەنىڭ يۈزى ئۈچۈنلا پۇش-كىننى جازالىمايدۇ.

ئوردا ئويۇشتۇرغان تانسىدا ياش، گۈزەل ناتالىيەنىڭ ئايدەك نۇرانە ھۆسن-جامالى ھەممىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇلار ناتالىيەگە كۆز سېلىپ قارىشىدۇ، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر مەخلۇق ئاچكۆزلۈك بىلەن كۆزىنى ئۈزمەي قارايدۇ. ئۇ ھوللاندىيە ئەلچىسى گاگېننىڭ بېقىۋالغان ئوغلى، فرانسىيە دەۋلەتكىدىكى ئاتلىق پولك ئوفىتسېرى دانتېس ئىدى. كۆنېۋىي ئىجتىمائىي ئالاقە سورۇن-لىرىدا قاتىراپ يۈرىدىغان بۇ ئىشقىۋاز، بەتقىلىق مەخلۇق، ناتالىيەنىڭ نىكاھلىق ئايال ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا شەرمەندىلەرچە چاڭ سالماقچى بولىدۇ. ناتالىيە ھەسرەت چەككەن ھالدا مۇنداق دەيدۇ: «چىرايىم ئۆزەمگە دۈشمەن بولدى، كىشىنىڭ زوقى كەلمەيدىغان، كۆزى چۈشمەيدىغان ئادەتتىكى بىر ئايال بولۇپ، تىپ - تىنچ ئۆتكەن بولسام، نەقەدەر ياخشى بولاتتى - ھە».

ناتالىيە دانتېسنىڭ تەلىپىنى كەسكىن ھالدا رەت قىلىدۇ. شۇڭا دانتېس كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلاپ، نامسىز خەت يېزىپ، ناتالىيەنىڭ ئەخلاقىنى قارىلاپ، ئەر - خوتۇن ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشتەك ئەڭ پەسكەش ۋاستىلەرنى قوللىنىدۇ. پۇشكىن ئۆز ئايالىنىڭ ئەھۋالىنى تامامەن چۈشە-نەتتى. تاقەت قىلىش مۇمكىن بولمىغان ئەھۋالدا، پۇشكىن خوتۇنىنىڭ نام - ئىناۋىتىنى ۋە ئاقسۆ-گەكلىك ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاش ئۈچۈن، دانتېس بىلەن دۇئېلغا چىقىدۇ. شائىرنى ئۆلتۈرۈش قەستىدە بولۇپ كەلگەن دانتېس دۇئېل قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىپ بالدۇر ئوق چىقىرىدۇ، پۇشكىن بەختكە قارشى ئېغىر يارىلىنىدۇ.

ناتالىيە بۇ دۇئېلدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى. ئېغىر يارىلانغان پۇشكىننى چانىدا ئېلىپ كەلگەن چاغدىلا ئاندىن سۆيۈملۈك ئېرىنىڭ يوشۇرۇن سۇيىقەستكە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق ھەسرەت چېكىدۇ ۋە تولا يىغلاپ ھوشىدىن كېتىدۇ.

پۇشكىن ئۆلۈم ئالدىدا قىلچە غەم يېمەيدۇ. ئۇ پەقەت ئامراق خوتۇنى ۋە كىچىك بالىلىرىدىنلا ئەنسىرەيدۇ. ئۇ قېشىدا قوغداپ تۇرغان كىشىلەرگە قايتا - قايتا تەكىتلەپ: بۇ ۋەقەنىڭ ناتالىيە بىلەن

www.uyghurkitap.com



زادى ئالاقىسى يوق، ئۇنىڭ ماڭا سادىقلىقىغا قىلچە شەكلەنمەيمەن. ناتالىيەنىڭ چىرايلىقلىقى ئۇنىڭ سەۋەنلىكى ئەمەس، — دەيدۇ. ئاندىن ناتالىيەنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا: «سۆيۈملۈكۈم تاشا، سىز تېخى ياش، مېنى دەپ ئولتۇرۇۋەرمەڭ، ئىككى يىل قارىلىق تۇتسىڭىز بولار، ئاندىن ياتلىق بولۇڭ، بىراق سەممىي، ئىشەنچلىك ئادەمنى تېپىپ تېگىڭ» دەيدۇ. پۇشكىن خوتۇنىغا بولغان چەكسىز مېھرى-مۇھەببىتى بىلەن ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ناتالىيە چەكسىز قايغۇ-ھەسرەتتە تولا يىغلاپ ئۈنلىرى پۈتۈپ كېتىدۇ. ھەتتا، ھاياتتىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ.

ناتالىيە پۇشكىننىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئۇنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن، پەرزەنتلىرىنى ئېلىپ ئوردىدىن — ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىدىن ئايرىلىپ، ئانىسىنىڭ جاگىزىسىغا كېتىدۇ ۋە پۇشكىن ھايات چېغىدا تۇرغان «قىزىل ئۆي»گە كۆچۈپ كىرىپ ئولتۇرىدۇ.

لېكىن بۇ مىسكىن ئايال بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىنمۇ يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ پىتنە-پاسات، تۆھمەتلىرىدىن قۇتۇلالمايدۇ، ئاخىرى بالىسىنى ئېلىپ، ئانىسىدىن ئايرىلىپ، پۇشكىننىڭ چۆلدەرەپ كەتكەن جاگىزىسىغا كۆچۈپ كېلىدۇ ۋە ھەر كۈنى پۇشكىننىڭ قەۋرىسى ئالدىغا كېلىپ دەردىنى ئېيتىپ بۇقۇلداپ يىغلايدۇ.

ناتالىيە پۇشكىن ئۆلۈپ توپتوغرا يەتتە يىل قارىلىق تۇتىدۇ. كېيىن ھاماچىسى بىلەن بىللە پېتېربورگقا قايتىپ كېتىدۇ ۋە تالا-تۈزگە ئانچە چىقماي، يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىگىمۇ ئارىلاشماي كۈن ئۆتكۈزىدۇ. بۇ چاغلاردا ناتالىيە گەرچە 30 ياشتىن ھالقىغان چوكان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئەينى يىللاردىكىدەك چىرايلىق، زىلۋا تۇرغاچقا، ھەممە ئۇنىڭ گۈلدەك جامالىغا مەھلىيا ئىدى. شۇڭا تۇرمۇش قۇرۇشنى تەلەپ قىلغۇچىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى، لېكىن ناتالىيە ئۇلارنىڭ تەلىپىنى بىر-بىرلەپ رەت قىلاتتى.

بىر كۈنى ناتالىيەنىڭ ئاكىسى ئىۋان نىكولايېۋىچ قەدىناس ئاغىنىسى پېتروۋىچ لانسكونىڭ ئۇنىڭغا ئەۋەتكەن خەت-سوۋغىلىرىنى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تونۇشۇپ قالىدۇ. لانسكو قەددى-قامەتلىك، تەربىيە كۆرگەن ئوفىتسېر ئىدى. ئۇ پۇشكىنغا ئىنتايىن ھۆرمەت قىلاتتى. بەختسىز ناتالىيەگە ۋە شائىرنىڭ بالىلىرىغا ئىچ ئاغرىتاتتى. ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق كۈنلىرىنى كۆرگەندە بىئارام بولۇپ، ئۇلارغا ياردەم بېرىش مەسئۇلىيىتىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلاتتى. شۇ كۈنلەردىن تارتىپ لانسكوي دوستلۇق مېھرىنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە پات-پات كېلىپ تۇرىدۇ ۋە بارا-بارا ناتالىيەنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. ناتالىيەمۇ ئالىيپەزىلەتلىك بۇ ئادەمگە ئۆزىنى ئۆمۈرلۈك بېغىشلاش نىيىتىگە كېلىدۇ، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي پادىشاھ لانسكونىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ ئاتلىق پولكنىڭ پولكوۋنىكى قىلىدۇ ھەم ئۇنىڭغا ھەشەمەتلىك بىر تۇرار جاي ئىنئام قىلىدۇ. لانسكوي ئاخىرى ناتالىيەگە ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدۇ. ھامىسىنىڭ نەسىھىتى بىلەن ناتالىيە ماقۇل بولىدۇ.

ئۇلارنىڭ توي قىلىشىغا پادىشاھ قوشۇلىدۇ ۋە توي مۇراسىمىنى ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولىدۇ. بىراق، ناتالىيە پادىشاھنىڭ بۇ ئىلتىپاتىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، داغدۇغىلىق توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشنى رەت قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرى ئاددىي توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈۋالىدۇ.

ناتالىيە پۇشكىننى ھەر دائىم سېغىنىدۇ. پۈتۈن ئۆمرىنى ئۇنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرىغا بېغىشلايدۇ. «پۇشكىن ئەسەرلىرى»نى نەشر قىلىش خىزمىتىنى تەشكىللەشكە ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىپ، پۇشكىن ئەسەرلىرىنىڭ مۇكەممەل ساقلىنىش ۋە كەڭ تارقىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىدۇ.

# لىزۇ مىللىتىنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە قەدىمىي مۇزىكىسى — بۇرۇن نەيى



نەي توغرۇلۇق سۆز بولغاندا كىشىلەر ئېغىزدا پۈۋلەپ چالىدىغان مۇزىكا ئەسۋابى — نەينى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. ئەمما خەينەنداۋدىكى لىزۇ-مياۋزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا ياشايدىغان 60 مىڭدىن ئارتۇق لىزۇ خەلقى بۇرۇن بىلەن چېلىنىدىغان ئالاھىدە مۇزىكا ئەسۋابى — بۇرۇن نەيىنى چېلىشقا ئادەتلەنگەن.

بۇرۇن نەيى ئادەتتە بىر بوغۇملۇق ئاق قومۇشتىن ياسىلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى 10 سانتىمېتر ئەتراپىدا بولۇپ، تۆت تۆشۈك ئېچىلىدۇ. نەينى يەتتە پەدىگە چالغىلى بولىدۇ. ئۇ بۇرۇن تۆشۈكىنىڭ ھاۋا يەتكۈزۈپ بېرىشى ئارقىلىق چېلىنىدىغان بولغاچقا، شۇنىڭغا ماس ھالدا دىئامېتىرى بىر سانتىمېتر كېلىدىغان يىڭىچىكە قومۇشتىن ياسىلىدۇ.

بۇرۇن نەيىنىڭ ئاۋازى ناھايىتى زىل ۋە يېقىملىق بولۇپ، ئاڭلىغان كىشى زوقلانماي تۇرالمايدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇرۇن نەيىنىڭ لىزۇ خەلقى ئارىسىدا چېلىنىپ يۈرگىنىگە 1000 يىلدىن ئاشقان. بۇرۇن نەيى قەدىمدىن تارتىپلا لىزۇ خەلقىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش ھەم ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىپ قالماي، بەلكى ياش ئوغۇل - قىزلارنىڭ ئۆز ئارا مۇھەببەت ئىزھار قىلىش، قىزىقچىلىق ۋە كۆڭۈل سىرلىرىنى بايان قىلىش ئۈچۈنمۇ دائىم ئىشلىتىلىپ كەلگەن مۇزىكا ئەسۋابىدۇر. ھەر يىلى بولۇپ تۇرىدىغان لىزۇ خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى بايراملىرىدا ۋە ئاپئاق ئايدىڭ كېچىلەردە لىزۇ ئوغۇل - قىزلىرى بۇرۇن نەيىنى چېلىش ئارقىلىق بىر-بىرىنى ياخشى كۆرگەنلىكىنى ۋە بىر - بىرىگە كۆڭلى بارلىقىنى بىلدۈرۈشىدۇ. نەينى ئۇستۇن ماھارەت بىلەن چېلىش-چالالماسلىق قىز-يىگىتلەرنىڭ توي قىلىشقا كېلىشىش-كېلىشەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبچىسى بولۇپ قالىدۇ. شۇنداقلا بۇرۇن نەيىنى قىز - يىگىتلەر توي قىلىشقا كېلىشكەنلىكىنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇشىدۇ. قايسى يىگىت ياكى قايسى بىر قىز ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ئۇسلۇبتا ماھىرلىق بىلەن چېلىنىۋاتقان نەينىڭ ئاۋازىنى يىراقتىن ئاڭلاپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى كىشىسىنىڭ چېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ ئالالايدۇ. تەجرىبىلىك بوۋاي بىلەن مومايلارمۇ يىراقتىن ئاڭلانغان نەي ئاۋازىدىن قايسى بىر يىگىت ياكى قىزنىڭ مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ چېلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ ئالالايدۇ. كىچىككىنە بۇ بۇرۇن نەيى مۇھەببەتلەشكۈچىلەر ئۈچۈن كۆۋرۈكلۈك (ئەلچىلىك) رولىنى ئادا قىلىدۇ. قانچىلىك لىزۇ ياشلىرى مۇشۇ نەينىڭ ۋاسىتىسى بىلەن بەختلىك گۈزەل تۇرمۇش قۇرۇۋېلىشقا نېسىپ بولۇشقاندۇر - ھە! ھازىر لىزۇ ياشلىرىنىڭ مۇھەببەت ناخشىلىرىدا «سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى تاش تاشلىسا بولۇر ئايان، كۆڭۈل بەرگەن - بەرمىگىنى نەي چالغاندا بولۇر ئايان» دېگەن قوشاقلار بار. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇرۇن نەيى لىزۇ ياشلىرىنىڭ مۇھەببەت ۋە تۇرمۇشىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بۆرە ھەققىدە رىۋايەت



بۆرە، ئۆزىنىڭ يىرتقۇچلۇقى ۋە ياۋۇزلۇقى بىلەن ھەممىگە تونۇشلۇق ھايۋان. ئەمما دۇنيادىكى خېلى كۆپلىگەن مىللەتلەرنىڭ ئەپسانە ۋە رىۋايەتلىرىدە بۆرە ياخشى نام بىلەن تىلغا ئېلىنغان. شۇنىڭغا قارىغاندا بۆرىگە چوقۇنۇشنىڭمۇ مەلۇم ئاساسى بولسا كېرەك.

ئەڭ قەدىمكى دەۋردە كىشىلەر ئەتراپىدىكى تەبىئىي مۇھىتتىن ئايرىلالمايتتى. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئادەم بىلەن ھايۋان ئانچە پەرقلەنمەيتتى. ئىپتىدائىي ئادەملەر ھايۋاناتلارنى تۇتۇپ يەيدىغان، ھايۋاناتلارنى يەنە بىر خىل ئىرقتىكى كىشىلەر بولسا كېرەك دەپ قارايتتى ھەمدە ئۇلاردا ئۆزلىرى چوقۇنىدىغان سىرلىق كۈچنىڭ بار ئىكەنلىكىنى سەزگەن ئىدى. ئىپتىدائىي ئادەملەر شەك - شۈبھىسىز ھالدا ئۆزلىرىنىڭ قەبىلىسىنى مۇنداق ياكى ئۇنداق ھايۋان ئىرقىنىڭ ئەۋلادى دەپ بىلەتتى ھەمدە ئەشۇ ھايۋاننى ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادى دەپ ئۇلۇغلايتتى. ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ مۇنداق ياكى ئۇنداق ھايۋاننى ئۆز قەبىلىسىنىڭ بەلگىسى قىلىشى — توتېم دەپ ئاتىلىدۇ.

دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىدە توتېمىزم ھېلىمۇ ساقلىنىپ كەلمەكتە.

توتېم دەپ قارالغان ھايۋانلارنىڭ ئىچىدە بۆرىمۇ داڭلىق ھايۋانلارنىڭ بىرى. شىمالىي ئامېرىكىدىكى ھىندىئانلارنىڭ بەزى قەبىلىلىرى بۆرىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. تۈركىيەدىن مىللىتىنىڭ 11 قەبىلىسى بۆرىنى توتېم قىلىدۇ. ئۆزبېكلەر بۆرىنى ئەجدادىمىز دەپ بىلىدۇ ھەمدە ئائىلە شەجەرىسىنى شۇنىڭ نامى بىلەن يازىدۇ. موڭغۇللارمۇ بۆرىنى ناھايىتى ئۇلۇغلايدۇ. بەزى رىۋايەتلەردە بۆرە قەھرىمان سۈپىتىدە بايان قىلىنغان، ھەتتا ئادەملەرگىمۇ بۆرىنىڭ ئىسمى قويۇلغان. قەدىمكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ بىر رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: بىر توپ ھونلار جەڭدە قىرىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن پەقەت ئون ياشلىق بىر ئوغۇل بالا ئامان قاپتۇ. بۇ ئوغۇل بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن بىر چىشى بۆرە بىلەن بىللە ياشاپ ئون ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپتۇ. ئون ئوغۇل پەرزەنت چوڭ بولغاندا ھەر بىرى بىردىن تۈرك قەبىلىسىنى بەرپا قىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاشنا ئىسىملىك بىرسى ئۆزىنىڭ ئەجدادىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى دەرۋازىنىڭ ئۈستىگە بۆرىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تۇغنى قاداپتۇ.

توتېمغا چوقۇنغۇچىلار، توتېم بىزنى بالايى-ئاپەتتىن، خېيىم - خەتەردىن ساقلايدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇر، ئۆزبېكلەردە ئاياللارنىڭ تۇغۇت ئازاۋىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن بۆرىنىڭ ئېغىز سۆڭىكىنى ھامىلدار ئايالنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈپ قويىدىغان، بوۋاق تۇغۇلغاندىن كېيىن دەرھال بۆرە تېرىسىگە يۆگەپ بوۋاققا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيدىغان ئادەت بار. بەزى ياش قۇرامىغا يەتكەن ئۇيغۇر، ئۆزبېك ئەرلىرى بۆرىنىڭ چىشى، تىرنىقى قاتارلىقلارنى تۇمار ئورنىدا يېنىدا ساقلايدۇ. تۇمار ئادەمنى خېيىم - خەتەردىن، يامان كۆزدىن ساقلايدىغان يالداما بولۇپ، ئۇنى ئالدى - ساتتى قىلىشقا بولمايدۇ، ئەمما ئۆز ئارا سوۋغا قىلىشقا بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا يەنە، بوۋاق تۇغۇلغاندا ئۇنى «ئوغۇلمۇ ياكى قىزمۇ» دەپ سورىماستىن بەلكى «بۆرىمۇ ياكى تۈلكىمۇ» دەپ سورايدىغان ئادەت بار. بۇ يەردە ئوغۇل بالا كۈچلۈك ۋە قاۋۇل، تىنماي چېپىپ يۈرىدىغان بۆرىگە، قىز بالا بولسا ئاجىز، ئەمما زېرەك تۈلكىگە ئوخشىتىلىدىغان. موڭغۇل مىللىتىنىڭ بىر قەبىلىسى بولغان بورىياتلار قىزىل چىققان ئادەمنى بۆرە تېرىسىگە ياتقۇزۇپ كېسەلنى ساقايتىدىكەن. ئۇلار يەنە بۆرىنىڭ يەرگە چاچرىغان قېنىنى قىش كۈنى قار بىلەن، ياز كۈنى توپا بىلەن كۆمۈپ قويىدىكەن ھەمدە ئۇنداق قىلمىساق بىزگە بالايى ئاپەت كېلىدۇ دەپ قارايدىكەن.

يەنە بەزى مىللەتلەر ئۆلگەن بۆرىگە ئېھتىرام بىلدۈرىدىكەن. قەدىمكى ئافىنا دۆلىتىدە، «كىمكى بۆرىنى ئۆلتۈرسە شۇ كىشى بۆرىنى دەپنە قىلىشى كېرەك» دەيدىغان قائىدە بار ئىكەن. ياقۇت مىللىتى ئۆلۈپ قالغان بۆرىگە ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلمايدىكەن. ئۇلار سىبىرىيەدىكى ئىپتىدائىي ئاھالىلەرنىڭ ئادىتى بويىچە بۆرىنى گويا ئادەمنى دەپنە قىلغاندەك دەپنە قىلىدىكەن.

قەدىمكى زاماندا كىشىلەر، بۆرە ئادەمنىڭ تىلىنى بىلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ قويساق بىزدىن ئۆچ ئالىدۇ دەپ قارىغان. بەزى مىللەتلەردە بۆرىنىڭ ئىسمىنى ئاتاشقا جۈرئەت قىلالماي باشقا ئىسىم بىلەن ئاتىغانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر تارقىلىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، سىمولىنىسكى دېھقانلىرى بۆرىنى كۆرسە: «قاۋۇلجان، قانداق ئەھۋالىڭ؟» دەپ سالاملىشىدىكەن، ئەستونىيىلىكلەر بۆرىنى «تاغا»، «چوپان» (پادىچى) ياكى «ئۇزۇن قۇيرۇق» دەپ چاقىرىدىكەن. ئابخازلار ئۇنى «ئاغزى بەرىكەتلىك» دەيدىكەن.

رىمدا، چىشى بۆرىنىڭ ئىككى بالىنى بېقىپ چوڭ قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايە ئەسىرلەردىن بۇيان تارقىلىپ كەلمەكتە. بۇ ئىككى بالا توغرىسىدىكى رىۋايەت رىم شەھىرىنىڭ بەرپا قىلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3- ئەسىردىكى رىم ھۆكۈمىتى بۇ ئىشنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلغان ھەمدە ئىككى بالىنى ئېمىتىپ تۇرغان بۆرىنىڭ سۈرىتى رىم شەھىرىنىڭ بەلگىسى قىلىنغان. يەنە بىر رىۋايەتتە، سىلاۋىيان مىللىتىنىڭ ئىككى پالۋىنىنىڭ بىرسىنى چىشى بۆرە، يەنە بىرسىنى چىشى ئېيىق بېقىپ چوڭ قىلغان دېيىلىدۇ. قەدىمكىلەر، ياۋايى ھايۋان بولۇپمۇ بۆرە بېقىپ چوڭ قىلغان ئوغۇل بالا ناھايىتى ساغلام، باتۇر ۋە كۈچ - قۇدرىتى تەڭداشسىز پالۋان بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەردە بۆرە بېقىپ چوڭ قىلغان بالا ياكى مىللەتنىڭ پېشۋاسى، ياكى ھەللىي قەھرىمان، ياكى پالۋان سۈپىتىدە بايان قىلىنغان.

(«تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 1985- يىل 1- سانىدىن

**ھۆسەن مەھەممەد** تەرجىمىسى)

## ھەر قايسى ئەللەرنىڭ يامان كۆرىدىغان رەڭلىرى

ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى نۇرغۇن ئەللەردە قارا رەڭ «مۇسىبەت» نىڭ بەلگىسى ئىكەن. ئۇلار ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىدا بىلىكىگە قارا تۇتۇپ قارا گالىستۇك تاقاپ ھازىدارلىقىنى ئىپادىلەيدىكەن، ياپونىيىلىكلەر يېشىل رەڭنى، بىرازىلىيىلىكلەر قوڭۇر سېرىق رەڭنى «مۇسىبەت» بەلگىسى قىلىدىكەن، ئۇلار، ئادەم خۇددى دەرەختىن چۈشكەن سېرىق غازاڭغا ئوخشايدۇ، دەپ قارىغاچقا، قوڭۇر سېرىق رەڭنى يامان كۆرىدىكەن.

بېلگىيىلىكلەر كۆك رەڭنى بەك يامان ئالىدىكەن، ئۇلار بىرەر شۇملۇققا دۇچ كەلسىلا، كۆك كېيىمنى بەلگە قىلىدىكەن ھەمدە چۈشىدە كۆك نەرسىنى كۆرۈپ قالسا ئەتىسى «پېشكەلچىلىك باسىدۇ» دەپ قارايدىكەن.

ئېفىئوپىيىلىكلەرنىڭ ئاچ سېرىق رەڭلىك كىيىم كەيگەنلىكى مەرھۇملارغا بولغان قايغۇلۇق ماتەم تۇتقانلىقىنى بىلدۈرىدىكەن.

تۈركىيىلىكلەر مېھمان كۈتۈش زالى، زال، ئۆيلەرنى زىننەتلىگەندە، ئالا - يېشىل رەڭلىك نەرسىلەرنى قەتئىي ئىشلەتمەيدىكەن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىدە بۇ خىل رەڭ شۇملۇقنىڭ ئالامىتى ئىكەن.



(ھېكايە)

شىڭ شىنىي (ياپونىيە)

ئەتىگەن، N ئەپەندى ئىشقا بېرىش ئۈچۈن ئۆيىدىن چىقىپ ئاپتوماتىك لىفت بىلەن بىنادىن چۈشتى. ئۇ ياتاق بىناسىنىڭ 35 - قەۋىتىدە تۇراتتى.

لىفت 30 - قەۋەتتە توختىغاندا، بىر ئوغۇل بالا كىرىپ كەلدى. بۇ بالا N ئەپەندىگە تونۇشتەك بىلىنىپ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى:

— ئىنىم، مەكتەپكە كېتىۋاتامسىز؟

— ھەئە، مەكتەپكە.

— ئوقۇشتا چوقۇم تىرىشىدىغانسىز، ياخشى بالىدەك قىلىسىز.

N ئەپەندى سۆزلىگەچ ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ قويدى. دەل شۇ چاغدا بۇ ئوغۇل بالا ئاۋازىنى ئۇنلۇك چىقىرىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى:

مەرھەمەت، مەرھەمەت، ئېغىز تېگىك رافورا.

مەرھەمەت، مەرھەمەت ئېغىز تېگىك رافورا.

«رافورا» مەلۇم بىرخىل يېمەكلىكنىڭ سودا ماركىسى ئىدى. ئوغۇل بالىنىڭ ئېيتقىنى تاۋار ئېلان ناخشىسى ئىدى. بالا ناخشىسىنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، ئېسىگە كەلگەندەك بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ N ئەپەندىگە قاراپ پىخىلداپ كۈلۈپ قويدى.

لىفت 15 - قەۋەتكە چۈشكەندە ئوتتۇرا ياشلىق بىرئايال كىرىپ كەلدى. ئۇ كىرىپلا ئىنتايىن خۇشخۇيلۇق بىلەن:

— قەنت - گېزەكلەر ئىچىدە ئەڭ تەملىكى بىللىن! — دېدى ئاندىن گويا چۈشىدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك، N ئەپەندىگە سالام بەردى.

— بۈگۈن ھاۋا نېمە دېگەن ياخشى - ھە!

لىفت 1 - قەۋەتكە چۈشتى، كۆپچىلىك بىنادىن چىقىشتى.

دەرھەقىقەت، ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتىدا تەتقىقاتقا كۈچ سەرپ قىلىنسا، ھەرقانداق نەرسىنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ. پسىخولوگىيە ۋە چوڭ مېڭە ئاناتومىيىسى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ دورا ئىشلىتىش ۋە تەكرار ئۇلگە كۆرسىتىش ئارقىلىق شەرتلىك رېفلېكسىنى كونترول قىلىش تېخنىكىسىمۇ ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى.

شەرتلىك رېفلېكس دېگىنىمىز زادى نېمە؟ مىسال كەلتۈرۈپ چۈشەندۈرسەك، ئىت قوڭغۇراق



ئاۋازى ئارقىلىق ھەرالاندۇرۇلغانىدا، قوڭغۇراق ئاۋازىنىڭ ئىنت ئاھزىدا شۇلكىدې پەيدا قىلالاي- دىغان رولى مۇشۇنداق ھادىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنداق شەرتلىك رېفلېكس (ئەكس تەسىر) نى ئىنسانلارمۇ تەتبىق قىلىش ۋە ئۇنى تۇراقلاشتۇرۇشقا بولىدۇ.

بايىقى ئوغۇل بالىنىڭ بېشىنى سىلاش بىلەنلا ئېلان ناخشىسىنى ئېيتىپ كەتكەنلىكى ۋە بايىقى ئوتتۇرا ياشلىق ئايالنىڭ لېفتقا چىققانلىقىنى ھېس قىلىش بىلەنلا ئىختىيارسىز ھالدا ئېلان قوشىقىنى غىڭشىغانلىقىغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ بۇنىڭ بەدىلىگە كارخانىدىن ھەر ئايدا بىرقىسىم دارا- مەت ئېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇش- نىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك.

ھازىر ھەممىلا ئادەم دېگۈدەك ئۆزىنىڭ بىر ياكى بىرقىسىم رېفلېكسلىق نېرۋىسىنى ئېلان تەشۋىقاتىنىڭ ئەلچىسى، سۈپىتىدە كارخانىغا ئىجارىگە بېرىدىغان دەۋرى كېلىپ قالدى. ھازىر كىشىلەرنىڭ بىرقىسىم نېرۋىسىنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق ئېلان تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىش ئىمكا- نىيىتى ئىنسانلار ئارىسىدا يوشۇرۇنۇپ ياتماقتا، بۇ ئىمكانىيەتنىڭ قۇدرىتى زور. ئۇنىڭدىكى قۇدرەت ۋە ئىقتىداردىن ئەپچىل پايدىلىنىشنىڭ كۆچىمۇ مۆلچەرلىگۈسىز.

N ئەپەندى تېز سۈرئەتلىك يەر ئاستى پويىزىغا چىقتى. چۈنكى خىزمەت ۋاقتى توشۇپ قالغان، پويىزمۇ سەل قىستاڭچىلىق ئىدى.

—تېرىدگە راھەت، تېرىدگە راھەت، ئالى دەرد- جىلىك ھۆسۈن تۈزەش، پەدەز بويۇمى!

ياشقىنە بىر قىزنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى توختىماي ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ مۈرىسىگە سەللا تېگىپ كەتكەنلىكىدىن كېلىپ چىققان شەرتلىك رېفلېكس ئىدى.

«بۇ قىزنىڭ ئېلان ھەققى چوقۇم يۇقىرى بولسا كېرەك! ئۆزىنىڭ رېفلېكسلىق نېرۋىسىنى كارخانىغا ئىجارىگە بەرگەندە، ئۇنىڭمۇنىڭ يۇقىرى- تۆۋەنلىكىگە قاراپ ئالىدىغان ھەققىمۇ ئوخشاش بولمايدىغانلىقى ئېنىق. ئېھتىمالىم بۇ قىز تويي چىقىمى ئۈچۈن پۇل يىغىۋاتقانىدۇ» دەپ ئويلىدى N ئەپەندى.

ئادەمنىڭ ئۆز تېنىنى قانداق ئىشلىتىش ئەركىنلىكى، شۇنداقلا ئۆز تېنىنى قايسى خىل يول بىلەن ئىشلىتىش ئارقىلىق پۇل تېپىش ئەر- كىنلىكىمۇ بولىدۇ. بىراق، تەننى خەۋپلىك بولغان شەرتلىك رېفلېكسقا ئىشلىتىشنىڭمۇ ھەقلىق بولۇشىغا يول قويغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، پۇلغا قانچىلىك ھاجەتمەن بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، قولىنى ئىشىك قىسىۋالغانىدا، ئالدى بىلەن ئېلان ناخشىسىنى توۋلىۋېتىپ، ئاندىن «ۋۇتتۇۋزۇگلار!» دەپ چاقىرىدىغان ئادەم بولمايدۇ - دە.

پويىزدا ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئەر ئولتۇراتتى. ئۇ ناخشام ياخشى ئۇخلىمىغان بولسا كېرەك، بىر ئەسنىۋالدى - دە، ئاندىن ۋالاقلاپ كەتتى:

—پاھ! ھارغىنلىقنى تۈگىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى دورىسى شۇچانلىت.

ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان يەنە بىرياش بىر چۈشكۈرۈۋالغاندىن كېيىن، كوتۇلداشقا باشلىدى:

— زۇكام ئۈچۈن ئىشلىتىمەك، شىپالىق دورا لوگىددىن.

قايسى بىرياشنىڭ شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا زۇكام تابلېتكىسى لوگىدىنى ئىچكەن - ئىچمىگەنلىكى ھەققىدە بىرنەرسە دېيىش تەس ئىدى. رادىئولاردا مەلۇم بىر زاۋۇتنىڭ رادىئو پەردىيومىنىكى سۈيەت- لىك دەپ تەشۋىق قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ زاۋۇتتا ئىشلەنگەن مەھسۇلات بولۇپ چىقىشى ناتايىن ئىدى. ئېلاندىكى تەشۋىقاتلار دەل مۇشۇنداق نەرسىلەر ئىدى.

— پاھ! ئۇزاق بوپتۇ، كۆرۈشمەپتۇق، ھە! ئارقا تەرەپتىن چاقىرغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

N ئەپەندى كەينىگە بۇرۇلدى ۋە ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىكى ساۋاقدىشىنى كۆردى. ئۇلار يېقىن- لىشىپ كېلىپ قول ئېلىشتى. N ئەپەندى ئۇنىڭغا:

«ئادەم» ماركىلىق كوفې ئىچىشكە بەكمۇ ياخشى - ھە. قانداق، يېقىندىن بۇيان ياخشى تۇرامسىز؟

— ئۇزاق بوپتۇ، كۆرۈشمەپتۇق، يېقىن ئەتە- راپقا بېرىپ ئاز - تولا كوفې ئىچەيلىچۇ! سىز



قاچاندىن تارتىپ كوفې كۆرۈشنىڭ ئادىتى بولۇپ قالدىڭىز؟

— ھە، مۇشۇ ئىشنى دەمسىز، ئەھۋال مۇنداق: ئالاھەزەل بىر ھەپتە ئىلگىرى مەن بىر قىسىم رېفلېكسلىق نېرۋامنى بىر كوفې سارىيىغا ئىجارىگە، بەرگەن ئىدىم، بىر قول ئېلىشىپلا شەرتلىك رېفلېكس پەيدا بولدى. ئىچەك - ئىچدىلى، مەن لىمون ئارىلاشتۇرۇلغان پەمىل چاي ئىچىشنى ياخشى كۆرىمەن.

N ئەپەندى بىلەن ساۋاقدىشى يەر ئاستى پويىزدىن چىقىپ بىر چايخانىغا كىردى - دە، پاراڭغا چۈشتى. پاراڭ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ يېقىنقى ئەھۋاللىرىدىن نېرى كەتمىدى.

N ئەپەندىنىڭ ساۋاقدىشى ھەر قېتىم تاماكىنى ئۆچۈرگەندە:

— سايامەتكە چىققاندا ئەنچىر مېھمانخانىسى بەك راھەت، - دەپ قايتا - قايتا كوتۇلدايتتى.

بۇ ئۇنىڭ رېفلېكسلىق نېرۋىسىنى ئىجارىگە بەرگەنلىكىدىن ئىدى.

يولدا ھايال بولۇپ قالغانلىقتىن، N ئەپەندى شىركەتكە سەل كېچىكىپ كەلدى. لىفت قۇرۇق قالغان ئىدى. لىفتتا ئىشلەيدىغان قىزچاق N ئەپەندىگە قاراپ «پىسەڭگىدە» كۈلۈپ نازلىنىپ قويدى. ئۇنىڭ ھۆسن - خۇلقى N ئەپەندىنىڭمۇ ئىشتىياقىنى قوزغىغان ئىدى.

— سىز ھەر دائىم مۇشۇنداق گۈزەل تۇرىسىز! N ئەپەندى قىزغا يېقىنلىشىپ پەس ئاۋازدا چاقچاق قىلىپ باقتى ۋە پىنھان پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ قىزنى «چوككىدە» سۆيۈۋالدى. قىز ئانچە ئېتىرازمۇ بىلدۈرمىدى. لېكىن بىر ئاز ھەيران قالغاندەك قىياپەتتە:

—كابىرا شەربىتىدىن بىر يۇتۇم ئىچسىڭىز قىزلار بىلەن سۆيۈشكەندەك لەززەتلىنىسىز.

كابىرا يېقىندىن بۇيان خېرىدارلىق بولۇۋاتقان بىر خىل ئىچىملىكنىڭ سودا ماركىسى ئىدى.

— ئوھوي! ئەسلىدە سىز سۆيۈشكەن چاغدىكى شەرتلىك رېفلېكسنى تەشۋىقات ئەلچىسى سۈپىتىدە سودا سارىيىغا ئىجارە بەرگەن ئىكەنسىز - دە. مەن بۇنى پەقەت ئويلىماپتىمەن.

N ئەپەندى سۆزلىگەچ بىنانىڭ ئۆزى ئىشلەۋاتقان شىركەت جايلاشقان قەۋىتىدە لىفىتتىن چۈشتى. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ ئىشلار ئۇنىڭغا غەيرى تۇيۇلمىدى. ئادەمنىڭ شەرتلىك رېفلېكسىنى ئېلان تەشۋىقاتى ئورنىدا ئىشلىتىش دەسلەپتە غەلىتە ئىش بولۇپ تۇيۇلغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئومۇملاشقاندىن كېيىن ئۇنداق بولمايدۇ. ئادەم ھەر خىل تاۋارلار توغرىسىدىكى ئېلانلارنى ئەتىگەندىن تارتىپ ئاڭلاپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئادەمنىڭ ئېسىدىن شۇنچە تېز ۋە پاك-پاكىز كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ئىنسانلار ئېچىگە يوشۇرۇنغان ھەر خىل ئىقتىدار مۆلچەرلىگۈسىز. بىراق، تۈرلۈك ئەھۋالغا ماس كېلىدىغان ئىقتىدار ئادەملەر ئارىسىدا يوشۇرۇنۇپ ياتماقتا. بۇ ئىقتىدار تېخىمۇ مۆلچەرلىگۈسىز.

ئەخمەدجان بائىزى تەرجىمىسى

(«يېڭى يېزا» ژۇرنىلى 1983 - يىل 1- سانىدىن)




## سادىغاڭ بولسۇن بۇجانلار

يارىمنىڭ باغىغا كىرسەم،
ئالما تۈگمىدەك بوپتۇ.
كىچىككىنە شۇ يارىم،
قايرىپ سۆيگىدەك بوپتۇ.

مەيىمگە چىققان بىلەن،
مەنزىللەر كۆرۈنمەيدۇ.
كۆڭۈلدىكى يار بولسا،
ئۆتكەن كۈن بىلىنمەيدۇ. 6

ئاخشام بارسام يېتىپسەن،
پەر ياستۇققا يېتىپسەن.
پەر ياستۇقنى كۆتىرسەم،
تولۇن ئايدەك يېتىپسەن.

ئالتۇندىن ئۈزۈك بولسا،
ياقۇتتىن كۆزى بولسا.
يار بولسا لېۋەن بولسا،
ناۋاتتەك سۆزى بولسا.

ئالتۇن تەقىيە باشىمدا،
ئولتۇردىمەن قاشىڭدا.
سادىغاڭ بولسۇن بۇجانلار
يىگىرمە ئالتە ياشىمدا.

## ئۆزەمنىڭ سۆيگىنى ئەۋزەل

ئىشىكىڭدىن تولا ئۆتسەم،
كۆيۈپ قالدۇ دەمسەن.
مەندىن باشقا يارى يوق،
ئۆلۈپ قالدۇ دەمسەن.

دەردىمنىڭ تولاسىدىن،
تولا ئېيتىمەن غەزەل.
خەق سۆيگەننى سۆيمەيمەن،
ئۆزەمنىڭ سۆيگىنى ئەۋزەل.

## كېچە ئۇيقىدا ياتسام

كېچە ئۇيقىدا ياتسام،
ئېتىمگە قامچا سېپ ئۆتتۈڭ.
ئۈنۈڭمۇ يوق، سۆزۈڭمۇ يوق،
ئىچىمگە ئوت سېلىپ ئۆتتۈڭ.

ئۆگزەڭگە چىقىپ باقسام،
تۈڭلۈكۈڭدە پەرمان يوق.
سېنىڭ ئۈچۈن دەرد تارتىپ،
ئۆلۈپ كەتسەم ئارمان يوق.

قېشىڭ قارا قۇندۇزمۇ؟
كۆزۈڭ چولپان يۇلتۇزمۇ؟
ئونبەش قېتىم ئالدىدىڭ،
كەچ بارايمۇ، كۈندۈزمۇ؟

**توپلىغۇچى: ئىسلام سادىق**

## ئاي يۈزۈڭنىڭ شولىسى

كۆككىنە كەپتەر ئەمەسمەن،
كۈندە -كۈندە كۆرگىلى.
ئايدا - يىلدا بىر كېلۇرمەن،
ئاي يۈزۈڭنى كۆرگىلى.

ئاي يۈزۈڭنىڭ شولىسى،
چۈشتى پىيالە - چىنىگە.
ئۆرگىلىپ باقساڭچۇ يارىم،
مەن يېتىم بىچارىگە.

**توپلىغۇچى: تۇرسۇن زېرىدىن**

## خەتتاتلار كۆرگىكى

سۇسىز ھايات بولماس،
ئەمگەكسىز راھەت بولماس

ھۆسنىخەت سەنئىتى

ئابلىم ئەھمەت يارغان

[illegible]

[illegible]

ئەيىپكار كىشىنىڭ ئەيىبىنى كەچۈر،
ئاداۋەت يىلتىزىنى قازغىن كۆچۈر،
غەزەپ ئۆچلۈگۈڭ ئوت بولۇپ يانسا ئەگەر،
مۇلايىملىقنىڭ سۈيىدە ئوت ئۆچۈر.

— ئەخمەت مەخمۇت يۈكنەكى

[illegible]

ۋاقىتنى ئالتۇندىن قىممەت بىل



تويدا (ئابدۇللا ئابدۇرەھىم فوتوسى)



بۇغا باققۇچى مومای (ئابلەت راخمان فوتوسى)














«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» (قوش ئايلىق ئەدەبىي ژورنال)

新疆文化（维吾尔文） 35 - يىل نەشرى 1986 - يىل 3 - سان

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت سارىيى نەشر قىلدى

«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

ۋاكالەت نومۇرى: 22 — 58 تىزىملانغان نومۇرى: 361

تاق ئايلارنىڭ 20 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ. تېلېفون نومۇرى: 28055 باھاسى 30 پۇڭ